# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

**2**

**1995**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# « شنجاڭ ئجتمائي پەنلەر مۇنبرى »

ش ئۇ ئا ر ئجتمائي پەن ساھەسدكلەر برلەشمسنڭ نەشر ئەپكارى

1995 - يل 2 - سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئۇمۇمي 28 - سان

ئسلامجان شېرىپ

## مۇندەرىجە

**سياسي نەزەريە**

سوتسيالزمغا ئائت ئككى مەسلە ................................ جالالدىن پازىل 1

**بازار، ئقتساد**

شنجاڭنڭ ئقتسادي مەسللرى توغرسدكى بەزى ئېگزلك نۇقتئىنەزەر ۋە ئاساسلق تەكلپلەر ...
.................................................. شۋي جۈن 8

هازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمنى ئورنتش ھەققدە ...................... مەمتلى تۇردى 17

**پەن - مەدەنيەت**

بلىم بلەن تالانتنڭ مۇناسۋىتى ...................... ئسلامجان شېرىپ 19

پەن - تېخنكا گۈزەللكنى توغرا تونۇش توغرسدا ...................... سەنئەت ھوشۇر 36

**تارىخ، ئارخولوگىيە، ئاسارە ئەتىقە**

« يگرمە تۆت تارىخ » ھەققدە قسقىچە چۈشەنچە ...................... تۆمۈر ھەسەن 42

فاشيەن ۋە ئۇنڭ « بۇددىزم ئەللرىگە ساياھەت » ناملق ئەسرى ...................
.................................................. شېرىن قۇربان 49

**كلاسسك ئەدەبيات ۋە كلاسسك مۇزىكا**

ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبيات تەتقىقاتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ھەققدە ...................
.................................................. مەمتىمن يۈسۈپ 50

« قسسەئى رابغۇزى » ئۇستدە ئزدىنش ...................... غولام ئەبەيدۇللا 55

**يېزىقچلىق ۋە ئاخباراتچلىق، نەشرياتچلىق**

بازار ئگىلكى شارائتدكى تەھرىرلىك خزمتى ...................... تۇرسۇن ئابدۇللا 74

كەسپي ژۇرناللارنى ياخشى نەشر قلشتكى برنەچچە مەسلە ............. پىدا ۋەلى 77

تەھرىر ھەيئەت ئەزالرى (ئېلپبە تەرتپى بويىچە تىزىلدى) :
ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، ئاۋۇت توختى، سەمەت خېۋىر،
شېرىپ ئىمن، ئسلامجان شېرىپ.

بۇ ساننڭ مەسئۇل مۇھەررىرلرى: ئسلامجان شېرىپ
قەيسەر قەييۇم

# سوتسىيالىزمغا دائىر ئىككى مەسىلە

جالالىدىن پازىل

يىگىرمە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۇنيادا سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى، تۈزۈمى، ئەمەلىيىتى جەھەتتە ئاجايىپ شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىغا ئالتۇن قەلەم بىلەن پۈتۈلۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىللاردا داستان بولغۇسى.

لېكىن سوتسىيالىزم ئالەمشۇمۇل يېڭى شەيئى بولغانلىقى، باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى، سوتسىيالىزمغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيىلەرنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى تۈرلۈك دۆلەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاش سەۋىيىسىنىڭ دېگەندەك يۇقىرى بولماسلىقى، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىشنى بىلمىگەنلىكى ئارقىسىدا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى، ئەگرى-توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە كىشىلەر سوتسىيالىزمدىن بىزار بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سوتسىيالىزمنى كاپىتالىزمغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدا بىر قېتىملىق چېكىنىش بولدى. سوتسىيالىزم ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي جەھەتلەردە زور زىيان تارتتى. دۇنيادا، نۇرغۇن كىشىلەر نەزەرىدە، سوتسىيالىزم ئىستىقبالسىز، خۇنۇك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەكمۇ بولدى. شۇڭا، سوتسىيالىزم ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىزمدا كۆرۈلگەن ئەگرى-توقايلىق ۋە چېكىنىش ھادىسىلىرىنىڭ قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ماركس-ئېنگېلسلار سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلغان مەملىكەتلەردە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە غەلىبە قىلالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئۇلار پەرەز قىلمىغان شەرق ئەللىرىدە نېمە ئۈچۈن غەلىبە قىلىنغانلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمغا قارىغاندا قانچىلىك ئەۋزەللىكى بارلىقىنى ۋە بۇ ئەۋزەللىكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ھەمدە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى، تۈزۈمى، ئەمەلىيىتى جەھەتتە ماركسىزم-لېنىنىزمغا قوشقان تۆھپىلىرىنى چۈشىنىش، نۆۋەتتە، بەكمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار

سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئۇ تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى تۈزۈملەردىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ مەيدانغا كېلىپ ھازىرغىچە بولغان 70 نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى جاھانغا تونۇتۇپ، ئىنسانىيەت قەلبىدىن مەڭگۈ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئورۇن ئالدى. تېزىستا مۇنداق دېيىلگەن: «20-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، سوتسىيالىزم بىر خىل رېئال ئىجتىمائىي تۈزۈم سۈپىتىدە دۇنيادا مەيدانغا كەلدى ھەمدە بىر دۆلەتتە غەلىبە قىلىشتىن تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە غەلىبە قىلىشقا ئۆت-

تى. ئەگرى-توقايلىقلار، ئېگىز-پەسلىكلەر داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولغان تارىخىي مۇساپىنى باشلىۋەتتى» (تېزىس 3-، 4--بەتلەر).

«سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قىسمەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشى ھەم ئۇ ياراتقان پارلاق نەتىجىلەرنى ياپالمايدۇ، ھەم ئۇ ۋەكىللىك قىلغان تارىخىي ئېقىمنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» (تېزىس 2-بەت)

خىيالدىن پەنگە، پەن بولغاندىمۇ فىزىكا، ماتېماتىكا، خىمىيىگە ئوخشاش پەنگە ئايلانغان سوتسىيالىزم (ئۇنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشقىلا بولىدۇكى، خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە، بۇرمىلاشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئورتاقلىققا ئىگە) تۈزۈم ۋە ئەمەلىيەت سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كاپىتالىزمدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە تېزلىك بىلەن راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى تۈزۈمنىڭ غەلىبىسىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي نەرسە». «كوممۇنىزم سوۋېت ھاكىمىيىتىگە ئېلېكترلەشتۈرۈشنى قوشۇش دېمەكتۇر» ①.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ پىشاڭىدۇر. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمغا ئۆتۈشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى دېگەن سۆز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلمىسا ۋە يېتەرلىك ماددىي بايلىق بولمىسا، سوتسىيالىزمدا ئىلغارلىق ۋە ئەۋزەللىكتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. خەلق سوتسىيالىزمدىن نەپ ئېلىپ، ئورتاق بېيىغان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىسا، سوتسىيالىزم چاقىرىق كۈچى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

جاھانگىر نەپسانىيەتچى كۈچلەر پۈتۈن جاھاننى قاپلىغان، جىن-شاياتۇنلار بەزمە قۇرۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ، جاھان بايلىقىنى بولۇشچە بۇلاپ-تالاپ، ئالەمنى بېشىغا كىيىپ، ئېزىلگەن مەزلۇملارنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلارنى بۇزۇپ--چېچىپ، ۋەيران قىلىۋاتقان كونا دۇنيادىن تاڭدىكى سۈبھىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان سوتسىيالىزم ھازىرغىچە ئۆزىدىن تەڭداشسىز كۈچلۈك دۈشمەنلىرىنىڭ خىرىسى ئالدىدا، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، شۇنداق زەپەر دەست گىگانت ئادەمگە ئايلىنالىشى ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە كاپىتالىزم تۈزۈمىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىدە. ئالايلۇق، 1951-يىلدىن 1980-يىلغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.5% تىن ئېشىپ باردى. شۇ مەزگىل ئىچىدە ئامېرىكىنىڭكى 3.8%، غەربىي گېرمانىيىنىڭكى 5.7%، فرانسىيىنىڭكى 4.7%، ياپونىيىنىڭكى 11.4%، ئەنگلىيىنىڭكى 2.2% ئاشتى. 1980-يىلدىن 1986-يىلغىچە تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەرنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.3% ئېشىپ باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، (1) 588-بەت.

9.2% تىن ئېشىپ باردى. كاپىتالىزم 100 يىلدا بېسىپ بولغان يولنى بىز 30 يىلدىن كۆرەك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ بولدۇق. 1987-يىلى ئېلىمىز كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1949-يىلدىكى 9-ئورۇندىن 1-ئورۇنغا، پولات، ئېلېكتر مىقدارى جەھەتتە 26- ۋە 27-ئورۇندىن 4-ئورۇنغا، نېفىت مىقدارى جەھەتتە 27-ئورۇندىن 5-ئورۇنغا ئۆتتى. سېمونت، پاختا يىپ جەھەتتە 1-ئورۇنغا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن دانلىق زىرائەت، گۆش، پاختا مىقدارى جەھەتتە 1-ئورۇنغا ئۆتتى. ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى، يادرو تېخنىكىسى قاتارلىق مۇھىم تېخنىكا تۈرلىرىدە دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتلەر بىلەن بەسلىشەلەيدىغان بولدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك لازېر نۇر تېخنىكىسى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتتى. ئۇدا 12 قېتىم سۇنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىپ ۋە قايتۇرۇپ كېلىپ، بۇ جەھەتتە، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسىلا 3-ئورۇندا تۇرىدىغان بولدى، ۋەھاكازالار. بىز بۇلارنى ۋاقىت ۋە سۈرئەت بويىچە سېلىشتۇرساق، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ كاپىتالىزمنىڭكىدىن تېز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مۇبادا سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە مۇشۇنداق ئەۋزەللىك بولمىغان بولسا، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرالايدىغانلىقى مۇشۇنداق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ئاللىقاچان مەغلۇب بولغان بولاتتى. دەۋرىمىزدە بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىزمغا بۇرۇلۇپ كېتىشى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭدا تۈرلۈك-تۈمەن سەۋەب بار. ئەمما مۇھىم بىر ئىچكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئەھۋال بۇ دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماھىر بولمىغانلىقىدىن، ماركسىزمنى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى ئەمەس، دوگما قىلىۋالغانلىقىدىن بولدى. ئۇلار ماركسىزمنى دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاپ بارغان بولسا، دۇنيا كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەن، ئۇلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خىلمۇ خىل يوچۇقلاردىن سىڭىپ كىرىپ، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۇيىقەستىنى تامامەن بىتچىت قىلىپ تاشلىيالىغان بولاتتى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تونۇشقا بەزىدە ئەھمىيەت بەردى، بەزىدە ئىدىيىۋى كۈرەش بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

پارتىيىمىز پۈتكۈل كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش ۋە مەغلۇب بولۇشىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ خىلمۇ خىل تەرەپلەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھېسابقا ئېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بەكمۇ قالتىس ئىش بولدى. بۇ نەزەرىيىلەر پارتىيىمىزنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى، خەلقىمىزنى پارتىيىمىز ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلاشتۇردى. پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ئۆستۈردى. پارتىيىمىزگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئەمما، بۇ ئۇتۇقلار ئاسان قولغا كەلمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلدى. 20 يىللىق ئەگرى-توقاي يوللار، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ رەھىمسىز كۈرەش ئاستىدىكى ئىڭراشلىرى، پارتىيىمىزنىڭ ئاجايىپ مۇنەۋۋەر داھىيلىرىنىڭ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ بىئەجەل باقى دۇنياغا سەپەر قىلىشى، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئۈستى-ئۈستىگە بولىۋاتقان سىنىپىي كۈرەشلەر، ھەدەپ مۇلۇكچىلىكنى تېخىمۇ ئومۇمنىڭ قىلىپ، ئەپلەپ-سەپلەپ كوممۇنىزمغا ئۆتۈۋېلىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار، تاۋار كاپىتالىزمغا تەڭ دەپ قاراپ، بازار مېخانىزمىنى

پۈتۈنلەي چەكلەپ، دېھقانلارنىڭ ئەڭ ئاددىي توخۇ-تۇخۇم سودىسىنىمۇ كاپىتالىزمنىڭ يىلتىزى قىلىۋېلىپ، بۇ خىل ئىشلارغا كەلسە-كەلمەس چەك قويۇشلار، سۇنئىي ھالدا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارنى پەيدا قىلىشلار، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى، بۇ توسقۇنلۇقلار بولمىغان بولسا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكى پۈتۈن ئالەمنى تېخىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدۇرغان بولاتتى. بۇ سەۋەنلىك، خاتالىقلار سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزدىكى مەسىلە ئەمەس. ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئۆزىمىزنى تازا بىلەلمىگەنلىكىمىز، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى قائىدە-قانۇنلىرىنىڭ روھى ماھىيىتىنى تازا چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىمىز، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ تېغرا بولۇش-بولماسلىقى، دۆلىتىمىز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، زورمۇ زور، قارا قويۇق تەدبىقلىغانلىقىمىزدىن، سوتسىيالىزم توغرىسىدا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار تەييارلاپ بەرگەن ئەندىزىلەرنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللانغانلىقىمىزدىن بولدى. ماركسنىڭ ستالىنغىچە بولغان داھىيلارنىڭ ھېچقاندىقى ئۆز تەلىماتىنى باشقا دۆلەتلەرگە تاڭغان ئەمەس ھەم يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئەللەردە پرولېتارىيات ئىنقىلابى غەلىبە قىلسا، جەزمەن بىزنىڭ نەزەرىيىمىز بويىچە ئىشلىشى كېرەك دەپ بىشارەت بەرگەنمۇ ئەمەس.

بىزنىڭ يولىمىز ماركس، ئېنگېلسنىڭ تەساۋۋۇردىكىدىنمۇ، لېنىن، ستالىنلار قۇرۇپ چىققان سوتسىيالىزمدىنمۇ پەرقلىقراق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق سوتسىيالىزمنى دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى داھىيلار كوللېكتىپى تاپتى. بۇنىڭدىن خۇشاللانمايدىغان بىرمۇ جۇڭگولۇق بولمىسا كېرەك.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «ماركسىزم دوگما ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى» ①.

ماكان، زامان ئوخشىمىغانىكەن، ھەرقانداق پەن قائىدىلىرىنىڭ تەدبىقلىنىش دائىرىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ قائىدىلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

دېمەك، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى يېڭىلىشىپ قىلىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلىرىمىزغا ئارىلاشتۇرۇپ قويساق، سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۇۋال قىلغان بولىمىز. بىز بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقايلىقلارنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى يوق.

## 2. سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكى

تىزىسنىڭ 3-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى — ھازىرقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ چوڭ بۇزۇلىنىشى. بۇ، زامانىمىزدىكى سوتسىيالىزم مەسىلىلىرىنى كۆزىتەلىشىمىزدىكى تۈپ نۇقتىئىينەزەر».

بۈگۈنكى دۇنيادا سوتسىيالىزمنىڭ رەڭگارەڭ دۈشمەنلىرى ئۇۋۇسىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، سوتسىيالىزمنى قاغىماقتا. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «21-ئەسىر سوتسىيالىزمنىڭ ماتەم سىگنالىنى چالىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلىرى «سوتسىيالىزم ۋاقتى-قەرەلى توشماي تۇغۇلۇپ قالغان بوۋاق»، «ماركس-ئېنگېلسلار سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى يېڭىلىشىپ ئوتتۇرىغا قويغان»، شۇڭا ئۇلار پەرەز قىلغان جايلاردا سوتسىيالىزم غەلىبە قىلمىدى، ئەكسىچە، ئۇلار پەرەزمۇ قىلمىغان جايلاردا غەلىبە قىلدى، دېيىشمەكتە.

ماركس-ئېنگېلسنىڭ بۇنىڭدىن 142 يىل

---

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، (II) 918-بەت.

بۇرۇن ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ فانتازىيىلىك سېھىرىي ئەقلىگە باي بولغانلىقىدىن ياكى بىردەملىك كۆڭۈل ھاياجانلىرىنىڭ ئىلھاملىرى جانلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى يىرىك سانائەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئۆزىگە سىغدۇرالماي، ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغىدىغان بويۇنتۇرۇقتا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدىن بولغان. دەرۋەقە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نامراتلىقى ۋە چەكلىك ئىستېمالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى چەكسىز كېڭەيتىش ئوتتۇرىسىدا ئانتاگونىزملىق زىددىيەت پەيدا قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ قەرەللىك ئىقتىسادىي كرىزىسى ۋە پرولېتارىيات كۈرىشىنى مۇقەررەرلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇ خىل زىددىيەتنى كاپىتالىزمدا ھەل قىلغىلى بولمايتتى. دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىزم ئورنىغا ئۆتۈشى مۇقەررەر بولۇپ قالغانىدى. بۇ خىل زىددىيەت ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەردە، بولۇپمۇ ئەنگلىيىدە بەكمۇ كەسكىنلەشكەنىدى. شۇڭا ماركس، ئېنگېلس سوتسىيالىزم، ئالدى بىلەن، مۇشۇ ئەللەردە غەلىبە قىلىدۇ. دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىزم بۇ دۆلەتلەردە ھازىرغىچە غەلىبە قىلمىدى، ئەمما ماركس خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان قالاق مەملىكەتلەردە غەلىبە قىلدى، غەلىبە قىلىپ بولۇپ بەزىلىرى كاپىتالىزمغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى يوققا چىقارمىدىمۇ؟ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركس-ئېنگېلسلار سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكى ئۈچۈن ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىجتىمائىي نېگىزلىك زىددىيەتلەر سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. لېكىن بۇ سوتسىيالىزم غەربىي ياۋروپا ياكى ئامېرىكىدا بولماستىن، روسسىيە ۋە جۇڭگودا ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟

ماركس-ئېنگېلس ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ھايات چېغىدا ئېتىبار بىلەن قارىغان كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ خەلقئارالىشىشى مەسىلىسى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «كاپىتالىزم ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتمەيدىكەن، يېڭى جايلارنى ئاچمايدىكەن ھەمدە كاپىتالىزم بولمىغان قەدىمكى دۆلەتلەرنى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قاينىمىغا كىرگۈزمەيدىكەن، مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ» («لېنىن ئەسەرلىرى» 3-توم، خەنزۇچە نەشرى، 545-بەت).

كاپىتالىستىك نېگىزلىك زىددىيەتكە بوغۇلۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغان كاپىتالىزم «مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش» ۋە «تەرەققىي قىلىش» ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، «يېڭى جايلار»نى ئېچىپ، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ سالمىقىنى مەملىكەت ئىچىدىن مەملىكەت سىرتىغا يۆتكىدى.

بولۇپمۇ ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىلىرى ئۆز زېمىنىدىن نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە 10 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ جىنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغان ئىقتىسادىغا يېڭى چىقىش يولى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار جان-جەھلى بىلەن يېڭى مۇستەملىكىلەرنى تالىشىش، ئەرزان خام ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىش، كاپىتال ۋە تاۋارلىرىنى كۆپلەپ سىرتقا چىقىرىش ئارقىلىق، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى ئۆز دۆلىتىدىكى پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى مەزلۇم خەلق ئۈستىگە يۆتكىدى. ئالايلۇق، 1946-يىلدىن 1976-يىلغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەرگە سالغان كاپىتالى 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپىيىپ، 347 مىليارد 3 يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 16 ھەسسە ئاشتى. 1976-يىلغا كەلگەندە ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەردىكى مەبلىغىنىڭ يىللىق ئۆسۈش سوممىسى 48 مىليارد 770 مىليون ئامېرىكا

دوللىرى بولۇپ، يىللىق كىرىمى 29 مىل-
يارد 449 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.
(«ھازىرقى زامان بازار ئەھۋالىغا ئومۇمىي
نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1978-يىل 6-سانىدىن).
زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ مۇشۇن-
داق يۆتكىلىشى ئارقىسىدا، بىر تەرەپتىن،
تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي زىددىيەت پە-
سەيدى، كاپىتالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش-
نىڭ ئىقتىسادىي كىرىزىس بورۇنىدەك
چوڭقۇرلىشىۋەرمىدى، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئا-
زىيىگە قارشى كۈرىشىمۇ نىسپىي ھالدا پەس-
يىپ قالدى. بۇرژۇئا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىس-
مىدىكى سۈركىلىشلەرمۇ سۇسلىشىپ قالدى.
يەنە بىر تەرەپتىن، مۇستەملىكە ۋە يېرىم
مۇستەملىكە ئەللەردىكى سىنىپىي زىددىيەت-
لەر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كەسكىن-
لەشتى. بۇ مەملىكەتلەردىكى خەلق ئىنقىلاب
قىلمىسا بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.
مەملىكەتمىزنى ئالىدىغان بولساق، جاھانگىر-
لارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە خەلقئارا كاپىتالنىڭ كۆپ-
لەپ ئېقىپ كىرىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىز
مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە مەملىكەت-
كە ئايلىنىپ قېلىپ، مەملىكىتىمىزدە «بىرمۇن-
چە شاخچەي»لەر مەيدانغا كېلىپ، خېلى
زور دەللال بۇرژۇئازىيە، ئاجىز مىللىي بۇرژۇ-
ئازىيە ۋە بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، قاتمۇ-
قات ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، جەڭگىۋارلىقى
كۈچلۈك بولغان پرولېتارىيات مەيدانغا كېلىپ،
سوتسىيالىزم مۇقەررەر بولۇپ قالغانىدى.
رۇسىيىنىڭ ئەھۋالى جۇڭگونىڭكىدىن پەرق
قىلسىمۇ، لېكىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك
دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئېغىرلىق زىددىيەت-
نىڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە يۆتكىلىشى
چاررۇسىيىنى جاھانگىرلارنىڭ دۇنيانى بۆلۈشۈ-
ۋېلىش ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىردى. دۇنيا ئۇرۇ-
شى چاررۇسىيىگە پەۋقۇلئاددە باش ئاغرىقى
ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۈزۈمىنى چىرىكلەشتۈ-
رۈپ، قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە
كەلتۈرۈپ قويدى. شۇڭا، «رۇسىيە ئىنقىلابى
باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن بۇرۇن پارتلىدى»،
«لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە
نەشرى، 3-توم، 168-بەت.
روسىيە ۋە جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ تە-
رەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن بۇ-
رۇن غەلىبە قىلىشى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ
كاپىتال ۋە ئېكىسپىلاتاتسىيىنى ئۆز دۆلىتىدىن بۇ
دۆلەتلەرگە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ خىلمۇ خىل
زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ بارغانلىقىنىڭ نەتى-
جىسى. ئەگەر تەرەققىي قىلمىۋاتقان دۆلەتلەر
بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تەرەققىي قىلغان كاپىتا-
لىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆز زېمىنلىرىدىن ئېلى-
ۋاتقان پايدا مەنبەلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىسا،
دۇنيا كاپىتالىزمى ئۆز دۆلىتىگە قاپسىلىپ قال-
دۇ-دە، بۇ دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئېغىرلىق
زىددىيەت قايتىدىن كەسكىنلىشىپ، جاھانغا
پاتماي قالغان بۇ غايەت زور دېۋىلەر ئۆزۈنغا
قالماي غۇلاپ چۈشۈپ، پارە-پارە بولۇپ كېتى-
دۇ، ئالايلۇق، پارىس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز
بەرگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ئامېرىكىدا
نېفىت باھاسى ئۆرلىۋىدى، ناھايىتى كۈچلۈك
ئەكس تەسىر پەيدا بولدى. دېمەك، ماركس
ئېنگېلس سوتسىيالىزمنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ،
دەپ قارىغان زىددىيەت سوتسىيالىزمنى مەي-
دانغا كەلتۈردى. بىراق، كاپىتالنىڭ خەلقئارا-
لىشىشى سەۋەبىدىن سوتسىيالىزم ئۇلار پەرەز
قىلغان جايلاردا ئەمەس، ئۇلار ئويلاپمۇ باقمى-
غان جايلاردا غەلىبە قىلدى. بۇ خىل يۈزلى-
نىش سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تېخىمۇ
ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى.
نۆۋەتتە، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەت-
لەرنىڭ كاپىتالىزمغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بۇ
خىل مۇقەررەرلىكنى يوققا چىقىرىۋېتەرمۇ؟ بۇر-
ژۇئا ھۆكۈمالىرى ئېيتقاندەك 21-ئەسىردە
دۇنيادا كاپىتالىزمدىن ئىبارەت بىر خىللا ئىج-
تىمائىي تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرارمۇ؟ رەھىم-
سىز تارىخنىڭ ئاخىرقى يەكۈنى جەزمەن ئۇ-
لارنىڭ دېگىنىنىڭ دەل ئەكسى بولىدۇ. بۇنىڭ
سەۋەبى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئادەم نوپۇسى
ئەڭ كۆپ بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەت جۇڭ-
گو ئىنتايىن مۇشكۈل سىناقلارغا بەرداشلىق

بىرىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز كۈچ قۇدرىتىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكى كۆز يۇمالمايدىغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزم يولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، توپ نېگىزىدىن ئالغاندا، سوتسىيالىزمدىكى ئىسلاھات ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ، ئۆزى ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي، خەلقئارا سودىغا بېقىنىپ قالغانلىقىدىن، بۇنىڭ بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن بولدى.

ئۈچىنچىدىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، ئاساسەن، سىرتقى كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن بولغانلىقى، ئىچكى كۈچىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە يېتىلىشى يېتەرلىك دەرىجىدە تولۇق بولمىغانلىقتىن بولدى.

تۆتىنچىدىن، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسى، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ماركس، ئېنگېلسلار سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن غەلىبە قىلىدۇ دەپ پەرەز قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن پەرق قىلاتتى، شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ كلاسسىك ئەندىزىلىرى بۇ دۆلەتلەرگە تولۇقى بىلەن ماس كېلىپمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ماركسىزمنى دوگما قىلىۋالماي، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشى لازىم ئىدى. خىلمۇ خىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر ئارقىسىدا، بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدى.

بەشىنچىدىن، سوتسىيالىزم ئىنسانىيەت بېشىدىن كۆچۈرگەن تۈزۈملەر ئىچىدە قاراتمىلىقى بەكمۇ روشەن، كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلىشى ئەڭ كۈچلۈك، شۇڭا دۈشمەنلىرى بەكمۇ كۆپ تۈزۈم بولغانلىقتىن، تەرەققىياتى جەريانىدا خىلمۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلاردىن، چېكىنىش ۋە مەغلۇبىيەتلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقى بەكمۇ تەبىئىي. تارىختا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئورنىغا دەسسىتىدىغان تۈزۈملەرمۇ بۇ خىل مەغلۇبىيەتلەردىن خالىي بولالمىغان. ئالايلۇق ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى 1640-يىلى باشلىنىپ، پادىشاھنى يەڭگەندىن كېيىن 1660--يىلى كونا سۇلالە قايتا تىرىلگەن. 1688-يىلى بۇرژۇئا پارتىيىسى ئۆزگىرىش قىلغاندىن كېيىنلا بۇرژۇئا دىكتاتورىسى مۇقىملاشقان. دېمەك، 48 يىللىق قايتا-قايتا ئېلىشىش ئارقىلىق بۇرژۇئا ھۆكۈمرانلىقى يولغا قويۇلغان. فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى 1789-يىلى پارتلىغاندىن 1875-يىلى 3-جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندا قەدەر 86 يىل ئۆتكەن. بۇ ئارىلىقتا ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىك، جۇمھۇرىيەت بىلەن ئىمپېرىيە، ئىنقىلابىي تېررورلۇق بىلەن ئەكسىلئىنقىلابى تېررورلۇق، ئىچكى ئۇرۇش بىلەن تاشقى ئۇرۇش، باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش بىلەن باشقا دۆلەتلەرگە تەسلىم بولۇش گىرەلىشىپ، ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىك ۋە داۋالغۇش بولغان. پۈتكۈل كاپىتالىزم تۈزۈمىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئورنىتىلىشىدىن پىشىپ يېتىلىشىگىچە، ئومۇمەن 2-3 يۈز يىل ۋاقىت كەتكەن. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ فېئوداللىزم جەمئىيىتىدە بىخلىنىشىدىن دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىشىگىچە 5-6 يۈز يىل ۋاقىت كەتكەن. بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيىنى يەنە بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە ئورنىغا دەسسىتىدىغان كاپىتالىزم تۈزۈمى مۇشۇنداق مۇرەككەپ كۆرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن يەردە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىش ۋە پىشىپ يېتىلىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلىش، چېكىنىش ھادىسىلىرىنىڭ بولۇشىنى سوتسىيالىزم مەغلۇپ بولدى دەپ قاراش، مەسىلىنى تولىمۇ ئاددىي ئويلىغانلىق بولىدۇ.

ئالتىنچىدىن، بۈگۈنكى دۇنيادا تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئوخشاش، كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۆلەتلەر ئۆزلىرى بىلەن ئۆزۆڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان يەنە بىر كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ ھەمدە بۇز-

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بەزى نېگىزلىك نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسلىق تەكلىپلەر

شۈي جۈن

مەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسەت تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىسى ۋە ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات باش ئىقتىسادچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىغا ئائىت بەزى زور مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ھازىر قارارچى رەھبەرلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. ئومۇملىقتا تاقىلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا

1985-يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىسادىي جەھەتتە تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئاپتونوم رايون دېگىنىمىز، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون بولۇشى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-

---

داق كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق. ھازىر كاپىتالىزم قۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەشۇ كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېقىندىلىقىدىنلا ئىبارەت. ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرەلمەيدۇ. تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئۇلارغا ياردەم بەرگەندەك بولىۋېلىپ، ھەددى-ھېسابسىز پايدا ئېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، 60-يىللاردىن بۇيان، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ كاپىتال چىقىرىش پايدا نىسبىتى تېخىمۇ ئۆستى. 1975-يىلدىن 1980--يىلغىچە ئامېرىكا مونوپول شىركىتىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە سالغان كاپىتالىنىڭ پايدا نىسبىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 24.1%، 32%، 23.9%، 42.9%، 25.3%، 29% بولدى. («خەلق گېزىتى» 1990-يىل 27-ئاۋغۇست سانىدىن) بۇ خىل پايدىنى،

بۇرۇن ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپمۇ قولغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. ھازىرقى كىچىك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر، ئاساسەن، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنلا مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ چەكسىز بايلىقىنى بۇلاپ-تالاپ بېيىۋالغان دۆلەتلەردۇر. دۇنيا تارىخى ھازىرقى زامانغا كىرگەندىن بۇيان كىچىك كاپىتالىستىك دۆلەت مەيدانغا كېلىپ باققىنى يوق.

خۇلاسە: سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇ مۇقەررەر ھەرىكەت، سوتسىيالىزمدىكى داۋالغۇشلار ئومۇم مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئويغىنىپ، دۆلەت، مىللەت ئايرىماي بىردەك ئىتتىپاقلاشقان كۈنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ ماتەم سىگنالى چېلىنغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمى دۇنيادا جەۋلان قىلىپ، ئىنسانىيەت چېھرىدە كۈلكە تەبەسسۇم قىلغان كۈن بولىدۇ.

نى » دائىرىسىدىكى ھوقۇقلاردىن تولۇق پايـ
دىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن
يېڭى بىر ئەندىزە يارىتىش، ئىسلاھات ئارقىـ
لىق شىنجاڭنى ياكى شىنجاڭنىڭ مەلۇم راـ
يونلىرىنى ئىچكى قورۇقلۇق تىپىدىكى ئىقتىساـ
دىي ئالاھىدە رايون ياكى ئىقتىسادىي ئېچىش
رايونى قىلىپ تۇرغۇزۇش كېرەك.

ــ قىزىلقان تومۇرى قاناش، پۇل مۇئامىـ
لىسى قانسىزلىنىپ كېتىش، مالىيەدىن قان بېـ
رىش شىنجاڭ ئىقتىسادىدىكى ئۈچ چوڭ ھادىـ
سە بولۇپ، پەقەت قىزىلقان تومۇرى قاناش،
پۇل مۇئامىلىسى قانسىزلىنىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى
ئۆزگەرتكەندىلا، مالىيەدىن قان بېرىش مەسىلـ
ىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. قىزىلقان تومۇرى
قاناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىـ
رىنچىدىن چوڭقۇرلاپ پىششىقلاش، داڭلىق، ئەلا
سورتلۇق، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى، كىچىك،
يەڭگىل، قىممەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىـ
قىرىش كېرەك، ئىككىنچىدىن، پىششىقلاش بازىـ
لىرىنىڭ خام ئەشيا بازىلىرىدىن يىراق بولۇپ
قېلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلىشىـ
شى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولماسلىق ئەھۋالىنى
ئۆزگەرتىش كېرەك.

ــ 10 يىللىق، مالىمانچىلىق شىنجاڭ ئىقتىـ
سادىدا ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ تۈرلۈك ياخشى
بولمىغان ئايلىنىشنى پەيدا قىلدى: بىرىنچىـ
دىن، خېلى كۆپ ساندىكى يەرلىك دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ياخشى بولمىغان
ئايلىنىش ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى؛ ئىككىنچىـ
دىن، نېفىت سانائىتىنى ياخشى بولمىغان ئايـ
لىنىش ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى؛ ئۈچىنچىدىن،
يايلاق چارۋىچىلىقىنى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش
ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى. بۇ ئۈچ تۈرلۈك
ياخشى بولمىغان ئايلىنىش ئۆزگەرمەيدىكەن،
شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تۈپ نېگىزىدىن
ياخشى ئايلىنىشقا ئىگە بولالمايدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئىپادىلەپ
بەردىكى، باجنى يەڭگىللىتىپ پايدا بېرىشتىن
ئىبارەت جامائەت پىكرى شاۋقۇنى ئىچىدە،
كارخانىلارنىڭ كارخانىلار باج سېلىق يۈكى
ئۈزلۈكسىز ئېغىرلىشىپ كەتتى؛ دۆلەت ئىگىلىكىـ
دىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت
جامائەت پىكرى شاۋقۇنى ئىچىدە، كۆپ سانـ
دىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىـ
لىرىدىكى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش جىددىيلىـ
شىپ كەتتى؛ نىسپىي باراۋەرلىك ئاساسىدا
رىقابەتلىشىش شارائىتىنى تىرىشىپ يارىتىشتىن
ئىبارەت جامائەت پىكرى شاۋقۇنى ئىچىدە،
ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ياقىلىرىدىكى رايونلىرى بىـ
لەن بولغان پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتـ
تى. سۇبيېكتىپ ئارزۇ بىلەن ئەمەلىي ئۇنۇم
ئايرىلىپ تۇرىۋاتقان شارائىتتىكى سىياسەت
ئويلىنىپ كۆرۈشكە بەكمۇ ئەرزىيدۇ.

ــ سانائەتتە تۆۋەن سۈرئەتنىڭ پەيدا
بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىسلاھاتتا قاشاڭلىق
قىلىش، مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى قۇرۇلمىسى ئەقىلگە
مۇۋاپىق بولماسلىقتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتتا قاـ
شاڭلىق قىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىدىيىنىڭ
ئارقىدا قېلىشى بولۇپ، بۇنداق ئىدىيىدىكى
ئادەملەر ئىسلاھاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىـ
نى زور دەرىجىدە ئازاد قىلىدىغانلىقىغا، ئىشـ
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك
ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، ئىسلاـ
ھاتقا بولغان رەھبەرلىكتە كۈچلۈك بولمايدۇ.

ــ شىنجاڭدا كارخانا گۇرۇھىنىڭ شەكىلـ
لىنىشى تەس، كارخانىلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلـ
مىسىنى تەڭشەش تەس، كۆلەم ئۈنۈمىنى
شەكىللەندۈرۈش تەس، بۇ ئۈچ چوڭ مەسىـ
لىنىڭ تۈگۈنى « جاراڭلاپ تۇرىدىغان، پۇت
تىرەپ تۇرىدىغان بازار رىقابىتىدە كېلىشىمات ھاـ
سىل قىلالايدىغان باشلامچى مەھسۇلاتلار » نىڭ
كەمچىل بولۇشىدۇر. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىـ
نىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى بىردەك « داڭلىق
مەھسۇلات ستراتېگىيىسى » نى چۆرىدىگەن
ھالدا قانات يېيىش كېرەك.

ــ 1988-يىل شىنجاڭ يولۇقۇۋاتقان 10
چوڭ تېما ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى: ① قانداق
قىلغاندا مالىيە قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، خەلق

ئىگىلىكىدە ئەلا سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ② نېفىت دېگىز قولتۇقى رايونىدىكى دۆلەتلەرنى باي قىلالايدۇ-يۇ، شىنجاڭنى نېمىشكا باي قىلالمايدۇ؟ قانداق قىلغاندا نېفىتنى شىنجاڭنىڭ قىينچىلىقدىن قۇتۇلدىغان تۈۋرۈكى قىلغىلى بولىدۇ؟ ③ تۆمۈريولنىڭ يۆتكەش كۈچى يېتەرلىك ئەمەس، شىنجاڭغا كىرىپ چىقىۋاتقان يۆتكەش مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد تەرەققىياتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا قانداق ئۇنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغاندا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟ ④ يېقىندىن قۇرۇلغان بىر تۈركۈم پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، قەن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قانداق بولۇپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى؟ قانداق قىلغاندا بۇ كارخانىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇرۇلدۇرۇپ، رايونىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ھەقىقىي تۈردە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

⑤ قانداق قىلغاندا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ ⑥ يايلاق چارۋىچىلىقىنى قانداق قىلغاندا ئەلا سۈپەتلىك ئايلىنىشقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟ ⑦ ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۇتىدىغان ئورنى قانداق؟ قانداق قىلغاندا ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ؟ ⑧ ئىسلاھات ئارقىلىق شىنجاڭنى ياكى شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر رايونىنى ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولامدۇ-يوق؟ ⑨ ئىقتىساد باشقۇرغۇچى، تېخنىكا تالانتلىقلىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ياكى «تۆۋەنگە بارالماسلىق» مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ⑩ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېقىپ كەتكەن كۆپلىگەن مەبلەغنى تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەبلەغكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

— شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئومۇمىي گەۋدىلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى ئۈچ بازارغا يۈزلىنىش، ئۈچ چوڭ پۇرسەتنى تۇتۇش، ئۈنۈمنى مەركەز قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىككى خىل ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشنى كۈچەيتىپ، تۆت جەھەتتە بېسىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

— ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ھەم تالانت ئۈستۈنلۈكى يوق، ھەم تېخنىكا ۋە مەبلەغ ئۈستۈنلۈكى يوق بولغاچقا، جىددىي رىقابەت جەريانىدا پۇت تىرەپ تۇرمىقى تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەۋقەنى جەزمەن بايلىق مەنبەلىرى ۋە يەر ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا توختىتىشىمىز كېرەك.

— مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان شارائىتتا، يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكدىكى سانائەت مەبلىغىدە باج پايدا بېرىش، پايدا بېرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى. 1978-يىلدىكى 11.6 پىرسەنتتىن 1989-يىلدىكى 35.4 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلۈپ، شاڭخەيدىنمۇ ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى مالىيىنى ئاشۇرۇپ، ماددىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «يۇقىرى باج، يۇقىرى پايدا، يۇقىرى كىرىم» بېرىدىغان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ستراتېگىيىلىك شۇئار ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېنىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شىنجاڭمۇ يۇننەننىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، «ئۈچتە يۇقىرى» كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

— مەبلەغدىن يۇقىرى باج، يۇقىرى پاي-

دا، يۇقىرى كىرىم ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت
ئۈچ چوڭ كۆرسەتكۈچنى يۇقىرى باج، يۇقىرى
پايدا، يۇقىرى كىرىم قىلغان-قىلمىغانلىقىنى
ئۆلچەيدىغان ئاساسلىق كۆرسەتكۈچ قىلىش
لازىم. «ئۈچتە يۇقىرى» دەپ ئاتالغان
كەسىپلەردە ئۈچ تۈرلۈك ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم
ھازىرلىنىشى كېرەك. بۇلار: ① بۇ كەسىپتە،
كەم دېگەندىمۇ، بىر تۈر بىرنەچچە يىلغىچە
داۋاملىق شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا قىممەتتىن
ئىككى ھەسسە يۇقىرى مېڭىشى كېرەك؛ ②
قەرزلىرىنى ۋە قەرزلىرىنىڭ ئۆسۈملىرىنى قاي-
تۇرۇش قابىلىيىتى نىسبەتەن كۈچلۈك بولۇش
كېرەك؛ ③ بەلگىلىك بايلىق ئۈستۈنلۈكى ۋە
بازار ئىگىلەش قابىلىيىتى بولۇش كېرەك.

— ھازىرقى كۈندە دۇنياۋى بازار بىر
تۇتاش بازار بولۇپ قالغانلىقتىن، مۇقەررەر
ھالدا كاپىتالىستىك ئىقتىساد كىرىزىسىنىڭ تە-
سىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. كۆپ ساندىكى
كەسىپلەرنىڭ باشلامچى مەھسۇلاتلىرى بازار-
لىق بولۇش، بازىرى ئادەتتىكىچە بولۇش، با-
زىرى كاسات بولۇشتەك ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە
بويسۇنىدۇ. ئوخشاش بولغان مەھسۇلاتلارنىڭ
ئىقتىسادىي ئۇنۇم كىرسەتكۈچىمۇ كارخانا كۆلە-
مى، مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى ۋە تېخنىك
ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپلا قال-
ماستىن، بەلكى، سانائەت سىياسىتىنىڭ
تەڭشىلىشى، پايدا بېجىنىڭ تەڭشىلىشى، بولۇپ-
مۇ باھا سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەتلەر ۋە تاشقى مۇھىت جەھەتتىكى
ئىزگىرىشلەر توپەيلىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ
بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئۈچتە يۇقىرى»
كەسىپلەر ۋە مەھسۇلاتلارمۇ ئۆزگەرمەس
نەرسە ئەمەس.

— «ئۈچ چوڭ سەپ» شىنجاڭ ئالاھى-
دىلىكىگە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھى-
دىلىكىدىن بىرى بولۇش كېرەك. شىنجاڭ
ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە تۇەن،
مەيدانلارنى ياكى دېۋىزىيەلەرنى بىرلىك قىل-
غان ھالدا پاختا ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش،
سېتىشتىن ئىبارەت بىر سەپ ھاسىل قىلىش،
مېۋە-چىۋە ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش-
تىن ئىبارەت بىر سەپ ھاسىل قىلىش كېرەك،
سودا-سانائەت، دېھقانچىلىقنى بىر گەۋدە قى-
لىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى،
جەزمەن شۇنداق قىلىنىشى كېرەك. پىلانلىق
ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن
ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئايرىلىپ كېتى-
دىغان ھالەتنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىشىشىغا خا-
تىمە بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر رەھبەرلىك كۈز
لۈك بولمىسا، زور غەيرەتكە كېلىپ، ۋىلايەت،
شەھەرلەردىكى سىناق نۇقتىلىرىنى كېڭەيتە-
كەندىمۇ بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ.

— كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
كارخانىلاردىكى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش ما-
لىيە جەھەتتىكى ياخشى بولمىغان ئايلىنىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، پۇل مۇئامىلىسى جەھەت-
تىكى يامان ئايلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ،
پۇل مۇئامىلىنىڭ كارخانىلارنى قوللاش قابىلىيە-
تى يېتەرلىك بولماسلىقتەك زىددىيەتلەر بار-
غانسېرى گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ، بۇ زىددىيەت،
ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە كارخانىلاردىكى ياخشى
بولمىغان ئايلىنىشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ.

ھازىر، بىز «ئىككىدە بۇرۇلۇش» پىر-
سىتىگە دۇچ كەلدۇق: بىرىنچى، ھازىر
خەلقئارادا يەنە بىر قېتىملىق سانائەت قۇ-
رۇلمىسىنى تەڭشەش بولۇۋاتىدۇ، سانائەت
تەرەققىي قىلغان بەزى دۆلەتلەر ئەمگەك
كۈچى مەركەزلىشىش تىپىدىكى كەسىپلەردىن
تېخنىكا ۋە مەبلەغ مەركەزلەشكەن كەسىپ-
لەرگە ئۆتەۋاتىدۇ، بۇ، ئېلىمىزنىڭ ئەمگەك
كۈچى مەركەزلىشىش تىپىدىكى كەسىپلەرنى
قۇرۇشىمىزغا پۇرسەت ياراتتى. ئىككىنچى،
مەركەزنىڭ ئون يىللىق كۆيخۇا قۇرۇلۇشى رو-
ھىغا ئاساسەن، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلار
«دەسلەپكى پىششىقلاش ۋە ئىچكى جەھەتتە
سېتىشتىن ئىبارەت ئەمگەك كۈچى مەركەزلە-
شىش تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى
تەدرىجىي ھالدا ئىچكىرى جايلار ۋە خام

ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارغا بۆرۈلۈش بىلەن، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئورۇنلىشىشىنى شەكىللەندۈرمەكتە». شىنجاڭ مۇشۇ ئىككى بۆرۈلۈش پەيدا قىلغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمگەك كۈچى مەركەزلىشىش تىپىدىكى سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

— «8-بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە، بىرنەچچە چوڭ زىددىيەت ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، بەزى زىددىيەتلەر كۈنسايىن كەسكىنلىك بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، بەزى زىددىيەتلەر كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىدە، تۆۋەن سۈرئەت، تۆۋەن ئۈنۈم ھاسىل بولىدىغان ئىشلار ئاساسلا كېلىپ چىقىدۇ. بىرىنچى چوڭ زىددىيەت مەبلەغ يېتىشمەسلىك زىددىيىتىدۇر. «يەتتىنچى بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە ساقلانغان پۇل قەرز پۇلدىن كۆپ ئىدى. «سەككىزىنچى بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە قەرز پۇل ساقلانغان پۇلدىن كۆپ بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى چوڭ زىددىيەت كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات كۈچى ئاجىز بولۇش بولۇپ، بۇ كارخانىلاردا ياخشى بولمىغان ئايلىنىش كۈچىيىدۇ. ئۈچىنچى چوڭ زىددىيەت كارخانىلاردىكى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش مالىيىدە ياخشى بولمىغان ئايلىنىش پەيدا قىلىدۇ. «سەككىزىنچى بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە مالىيىدە تىنچلىق بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىدۇ. تۆتىنچى چوڭ زىددىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئارقىدا قېلىشتۇر. كونا-يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى سۈركىلىش، بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ كېتىشتەك زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەشىنچى چوڭ زىددىيەت تۆمۈر يولنىڭ شەرققە يۆتكەش كۈچى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ۋە شىنجاڭغا كىرىپ-چىقىدىغان ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەش مىقدارىنىڭ ئەڭ چوڭ بولماسلىقىدۇر.

دۆلەت «مەبلەغ سېلىشنى شەرقتىكى دېڭىز ياقىلىرىغا قىڭغايتىش سىياسىتى»نى توختىتىش كېرەك، سىياسەت نىسبىي باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەت قىلىش شارائىتىنى يارىتالمايدۇ، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بارغانسېرى چوڭايتىۋېتىدۇ. غەربىي رايونلاردا قىزىل رەقەم كۆرسىتىدىغان ناھىيىلەر بارغانسېرى كۆپلەپ كېتىدۇ، قىزىل رەقەم بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ. بەزى چوڭ ناھىيىلەر مۇئاشىنىمۇ تارقىتالمايدۇ-دە، ئىلاجىسىزلىقتىن مەخسۇس مەبلەغلەردىن پۇل ئاجرىتىپ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. بۇنداق جايلاردا تالانتلىق ئادەملەرنى ساقلاپ تۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ ھال ياخشى بولمىغان ئايلىنىشنى ئۇلغايتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان پەرقلىق ئۈنۈم مەسىلىسىگە دەللەپ، «پەرقلىق پايدا» ياكى مۇناسىپ تۈردە ئۆسۈم تولۇقلاپ بېرىش كېرەك. «چورتلا ئۈزۈپ تاشلاش» سىياسىتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنداق سىياسەت ئىلغار ئۆلكە، شەھەرلەرگە پايدىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا ناھايىتى پايدىسىز.

**2. سانائەت كارخانىلىرى توغرىسىدا**

— دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىساد، تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى يېتەكچى كۈچ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبىيى، دۆلەتنىڭ باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرگە چۈشۈرگەن ئېتىبار قىلىش سىياسىتى بىردەك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى تاپشۇرغان باج ئاساسىدا بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقى بىلەن نا-

ھايىتى زىچ باغلىنىدۇ.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش دېگەن جامائەت پىكرى شاۋقۇنىدا، شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدا ياخشى بولمىغان ئايلىنىش كۈچىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: ① كۆپ ساندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزى ئىگىلەيدىغان مەبلەغ نىسبىتى بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، ئۆزى جۇغلانما قىلىپ، ئۆزى تەرەققىي قىلىش قابىلىيىتى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى، بانكىغا تايىنىش بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى بانكىنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن، كارخانىلار مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولالمىدى، شۇنداقلا بازار رىقابىتىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى بولالمىدى. ② ئوبيېكتىپ جەھەتتە رايونلارنىڭ پەرقلىق ئۈنۈمىنىڭ تەسىرى مەۋجۇد بولغانلىقتىن، بۇنىڭ ئۈستىگە كارخانىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سەۋەبلەر تۈپەيلى، كۆپ ساندىكى كارخانىلاردا مەبلەغنىڭ پايدا ئۈنۈمى، ھەتتا مەبلەغنىڭ باج ئۈنۈمى بانكىنىڭ قەرز بېرىش پىرسەنتىدىن كۆپ تۆۋەن بولۇپ قالدى. پۈتۈن مەبلەغنى قەرز ئېلىپ قۇرۇلغان كۆپ ساندىكى كارخانىلار قەرزنى ۋە قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيلا قالماستىن، بارغانسېرى كۆپلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى. ③ مەبلىغى قەرزگە يەتمەيدىغان كارخانىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

— دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆپ سانلىق سانائەت كارخانىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان ياخشى بولمىغان ئايلىنىشنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدەك مۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك: ① تۈرلۈك يوللار بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ۋە ھوقۇق تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىش؛ ② كارخانىلارنىڭ ئۆزى ئىگىلەپ تۇرىدىغان مەبلىغى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش؛ ③ يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلاپ، تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، داڭلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ستراتېگىيىسى بويىچە، ھەر تۈرلۈك تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش؛ ④ كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى گۆرگۈنى تاۋلاش جەھەتتە كۆپ سەرپ قىلىش؛ ⑤ كارخانىلارنىڭ ئۈچ چوڭ بوقچىنى تاشلىۋېتىشىگە ياردەم بېرىش — قەرز بوقچىسى، ئىجتىمائىي بوقچا، خادىملار كۆپ بولۇپ كېتىش بوقچىسى؛ ⑥ كۆلگە سۇ باشلاپ بېلىق بېقىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ كېيىنكى بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ ⑦ دۆلەت «مەبلەغ سېلىشنى شەرقتىكى دېڭىز ياقىلىرىغا قىڭغايتىش» سىياسىتىنى توختىتىش؛ ⑧ ئوبيېكتىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان پەرقلىق ئۈنۈم مەسىلىسىگە دەللەپ، پەرقلىق پايدا ياكى مۇناسىپ ھالدا ئۆسۈمنى تولۇقلاپ بېرىشنى يولغا قويۇش.

— 14 تۈرلۈك ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش ۋە بوشىتىش ھوقۇقىدۇر. كارخانىلاردا مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى بولمىسا، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆزىگە خوجا بولۇشتىنمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك نېگىزلىك شەرتنى ھازىرلاش كېرەك: ① كارخانىلاردا مەبلەغ سېلىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە مەبلەغنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بولۇش؛ ② كارخانىلاردا تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرالايدىغان قالدۇق مەبلەغ بولۇشى كېرەك، ئەقەللىي بولغان تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىسا، ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولغۇدەك بىر لىنىيە بولمىسا، مەبلەغ سېلىشنى

قارار قىلىش ھوقۇقىمۇ قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ؛ ③ سەھنىگە چىققان سىياسەت، تەدبىرلەر كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ ئۆزى ئىگىلەيدىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ مېڭىشىغا، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش شەكىللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت بېرىشى كېرەك.

— تېخنىكا ئۆزگەرتىش يۆنىلىشىدە ھەم «ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىدىغان قول» بولۇش، ھەم «لاپقۇتلىشىدىغان قول» بولۇش كېرەك. تايانچ بولىدىغان باشلامچى كارخانىلار جەزمەن دۇنيانىڭ 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئىلغار سەۋىيىسى بويىچە ئۆزگەرتىلىشى، خەلقئارا بازاردا رىقابەتكە چۈشەلەيدىغان داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى، «ئاساسلىق ھۇجۇم قىلغۇچى قول» بولۇشى كېرەك. كۆپ ساندىكى تايانچ بولالمايدىغان باشلامچى كارخانىلار كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە ئىلغار بولغان يۈرۈشلەشتۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، «لاپقۇتلىشىدىغان قول» بولۇشى كېرەك ياكى بازاردا ئېھتىياج زور بولغان، دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەنرەك، سېتىلىش يولى توغرا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىرىشى كېرەك.

— مەن «بۇرۇن ئۆزگەرتسەك بۇرۇن تۈگىشىمىز، ئۆزگەرتمىسەكمۇ تۈگىشىشنى كۈتۈپ تۇرىمىز» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلمايمەن. ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە قارىماي، دەسمىنى تولۇقلاپ، ئۆسۈمنى قايتۇرۇش قابىلىيىتى بار-يوقلۇقىنى ئويلاشماي، سۈرئەت تېپىدىكى، كېڭىيىش تېپىدىكى، قارىملىق تېپىدىكى تېخنىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلسا، بۇرۇن تۈگىتىش بولىدۇ؛ ئەگەر بازارنى ئەستايىدىل مۆلچەرلەپ، تاۋارلارنىڭ بازارلىق بولۇش، بازىرى ئادەتتىكىچە بولۇش، بازىرى كاسات بولۇشتىن ئىبارەت داۋالغۇپ ئۆزگىرىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، تەقەززا قىلىش، ئىچكى مەزمۇن جەھەتتىن كۈچىيىش تېپىدىكى، ئۇنۇم تېپىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندا، بۇرۇن تۈگىشىش بولمايدۇ.

— ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىچكى مەزمۇن تېپىدىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش يولىدا مېڭىپ، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش يولىدا مېڭىش كېرەك؛ چەت-ياقىدىكى قالاق ناھىيىلەردە كېڭەيتىش تېپىدىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش يولىدا ماڭسىمۇ بولىدۇ؛ ھازىرقى بار بولغان سانائەت كارخانىلىرى جەزمەن ئىچكى مەزمۇننى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت تەكرار ئىشلەپچىقىرىش يولىدا مېڭىش كېرەك.

— نېفىت سانائىتىدىكى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش مەسىلىسىگە دەللەپ، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك: ① «قېزىش بىلەن ساقلاش نىسبىتى بۇزۇلۇش» مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش. ② چوڭقۇرلاپ پىششىقلاش، قوشۇمچە قىممەتنى ئۆستۈرۈش. نۇقتىلىق تايانچ كارخانىلار جەزمەن ئىگىلىك ئىقتىسادىي كۆلەمگە ئىگە بولۇش، مايتاغدىكى ئېتىلىن قۇرۇلۇشىدەك ئېگىشلىك ئىقتىسادىي كۆلەمگە ئىگە بولالمايدىغان، سېلىنما بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات تۆۋەن بولىدىغان، «تۇغما كەملىك» بولۇپ قالىدىغان كارخانىلارنى قۇرماسلىق. ③ مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرنى يېتەكلەپ مېڭىش. ④ باھا سىستېمىسىنى تەڭشەش.

— ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە «بىرنەچچە تۈرلۈك چوڭ بۇزۇلۇش» تۈپەيلى، شىنجاڭدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكە ئوخشاش كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچىدە تۆۋەنلەش بولدى، ھالبۇكى، تۆۋەنلەش دەرىجىسى زور بولغانلىرى دەل شىنجاڭدىكى بايلىق مەنبەسى ئۈستۈن، ئىشلەپچىقىرىش قىممەت سېلىشتۇرمىسى زور بولغان نېفىت، كۆمۈر، توقۇمىچىلىق، ئاشلىق پىششىقلاش كەسىپلىرى بولدى.

ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان نېفىتلىك ۋە كۆمۈر كانلار ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلدە

تۈرۈۋاتقانلىقتىن، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىدا تەبىئىي كېمىيىش بولۇپ، ئىسراپ خىراجەتلىرى كۆپىيىش مەيدانغا كېلىش بىلەن، تەننەرختە ئۆسۈش، مالىيە كۆرسەتكۈچىدە زور دەرىجىدە تۆۋەنلەش بولماقتا.

باھا سىستېمىسىنىڭ تەڭشىلىشى بىلەن، ئىككى بۇرۇلۇش بولدى. سانائەتنىڭ پايدىسى يېزا ئىگىلىككە بۇرالدى، ماھىيەتتە دۆلەتنىڭ بىر قىسىم مالىيە كىرىمى دېھقانلار قولىغا بۇرالدى، پايدا قايتىپ كېلىش خاراكتېرىدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قايچا پەرقىنى يوقىتىش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. پىششىقلاش سانائىتىنىڭ پايدىسى خام ئەشيا سانائىتى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەيى سانائىتى تەرەپكە بۇرالدى. بۇرۇلۇشنىڭ ماھىيىتى دۆلەتنىڭ بىر قىسىم مالىيە كىرىمى ئارقىلىق تەبىئىي قانۇنىيەت پەيدا قىلغان ئۇپراشنى تولۇقلاش، ئىسراپ خىراجىتىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەننەرختىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت.

### 3. ناھىيە ئىقتىسادى توغرىسىدا

— يېزا-بازار كارخانىلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ يولباشلىغۇچى كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېلىمىز ئىگىلىكىدە ئەڭ جانلىق بولغان ئۆسۈش نۇقتىسى، يوشۇرۇن كۈچى ئەڭ كۆپ بولغان ئۆسۈش نۇقتىسى بولىدۇ. يېزا-بازار كارخانىلىرىغا تايىنىپ ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا تايىنىپ يېزىلاردىكى ئۈچ چوڭ مەسىلە (ئوشۇق ئەمگەك كۈچىنى بۇراش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىنمىسىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش) نى ھەل قىلىش، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا تايىنىپ ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا تايىنىپ يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزىلاردا سانائەتلىشىشنى، شەھەر-بازارلىشىشنى ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

— دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا كېلىدىغان كىرىمى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ ئىككى چوڭ كۆرسىتىش نىشانى، بۇنىڭ قايسى بىرسىگە ئېغىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن جاپا چەكمەي قالمايدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ھاياتىدا ئەڭ گەۋدىلىك زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى چەزمەن يېزا-بازار كارخانىلىرىغا تايىنىپ ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىلەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، خەلقنى باي قىلىش بىلەن ناھىيىلەرنى باي قىلىشنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بىرىنچى، بۆسۈش نۇقتىسىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئەڭ ياخشى بۆسۈش نۇقتىسى سېلىنمىسى ئاز، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان كەسىپلەرنى تاللاش، يەنى ھەم دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا كېلىدىغان كىرىمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، ھەم ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش ئۈنۈمىگە پايدىلىق بولغان، خەلقنى باي قىلىش بىلەن ناھىيىلەرنى باي قىلىشنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان كەسىپلەرنى تاللاشتۇر. ئىككىنچى، دېھقانچىلىق، سانائەت، سودا، قاتناش، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يېتەكلەپ ماڭالايدىغان يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركەزنى چىڭ تۇتۇپ، ئورۇنلاشتۇرۇشى بولغان ھالدا كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك. ③ تۈۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان كەسىپلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك (تۈۋرۈك بولىدىغان كەسىپلەرنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى).

— تالانتلىق ئادەم، مەبلەغ، مىخانىزم

يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تەقەززا قىلىدىغان ھالقىلىق مەسىلە، مەبلەغ، مېخانىزم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم يولى پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىشنى يولغا قويۇش بولۇپ، بۇ، يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى، ئىككىنچى قېتىملىق سانائەت قوشۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى كۈچىنىڭ بۇلىقىدۇر. مەبلەغ، مېخانىزم مەسىلىسىنىڭ ھەل بولۇشىغا ئەگىشىپ، تالانتلىقلارنى يۆتكەپ كىرىشكە، تالانتلىقلارنى ئىشلىتىشكە شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغىنى ھەل قىلىشتا بىرنەچچە تۈرلۈك يول بار: بىرىنچىسى، پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش؛ ئىككىنچىسى، بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مەبلەغ بازىرىدىن مەبلەغكە ئىگە بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ تۆتىنچىسى، كارخانا ئۆزى جۇغلانما توپلاش.

— سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا، يېزا-بازار كارخانىلىرىغا نىسبەتەن ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتىن قول سېلىش كېرەك: بىرىنچى، تىرىشىپ بازارنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش. پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىپ، ئىگىدارلىق بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېگىشلىك جانلىقلىق ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. ئىككىنچى، بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. بولۇپمۇ مەبلەغ، تېخنىكا، تالانتلىق ئادەم، ئۇچۇر قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ بازاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىش. ئۈچىنچى، ماكرولۇق تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

— شىنجاڭدىكى كۆپ سانلىق ناھىيىلەر «مايسىلاشتۇرۇش ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ستراتېگىيە جەھەتتە «زور تۈركۈمدىكى يۈرۈشلەشكەن» پەن-تېخنىكا سىستېمىسى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، ئۆتمۈشتىكى «ئومۇمىيۈزلۈك يېتىشتۈرۈلۈش، ئېشىپ كېتىش» نىڭ ساۋاقلىرىغا ئاساسەن، «يۆنىلىشنى توغرا تاللاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش» كېرەك. ھەرقايسى ناھىيىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلىكى بولغان تايانچ كەسپلەرنى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، چەكلىك مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى دەل جايىغا ئىشلىتىش كېرەك.

— يايلاقلارنىڭ تۆت پەسىلدە تەكشۈك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئەتىياز، كۈزدە يايلاقلاردا چارۋا كۆپ بولۇپ كېتىپ، يايلاقلاردا بۇزۇلۇش بولۇۋاتىدۇ. يايلاق چارۋىچىلىقى ياخشى بولمىغان ئايلىنىش ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى: بىرىنچى، ئىشنى دەل جايىدا قىلىپ، يايلاقلارغا قاراپ چارۋىنى بېكىتىش، ئارتۇق چارۋىلارنى پىلانلىق تۈردە پەسىللەرگە قاراپ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا يۆتكەپ، بىرىكىش شەكلىدىكى گەۋدىلىك چارۋىچىلىق سىستېمىسىنى قۇرۇپ، بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان يايلاقلارغا ئەسلىگە كېلىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، قىش ۋە ئەتىيازدا يەم بىلەن بېقىشنى يولغا قويۇش، «ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى ساقلاش» نى «يەم بېرىپ بېقىپ چارۋىلارنى ساقلاش» قا ئۆزگەرتىش، «دۆلەتكە تايىنىش» نى «ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىنى قۇتقۇزۇش» قا ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۈچىنچى، 4-5-ئايلار ئەتراپىدا قوتاندىن چىقىرىپ بوغۇزلاشقا بولىدىغان ئەلا سۈپەتلىك چارۋا تۈرلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە يايلاقلارنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىش كېرەك.

**تاجىنسا تۇختى تەرجىمىسى**

# ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەققىدە

مەمتىلى تۇردى

ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ، ئىسلاھات جەريانى بولسا مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشتۇر. نۆۋەتتە ئىسلاھات ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش يولىدا دۆلەت بىلەن كارخانا، كارخانا بىلەن كارخانا باشقۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشىمىز كېرەك. ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، كارخانىلارنى شىركەت تۈزۈمىدىكى قانۇنىي شەخس ئىقتىسادىي تەشكىلىگە ئايلاندۇرۇش، مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش، بۇ مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەرىكەت مېخانىزمىدۇر.

ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمى بىر گۇرۇپ يۇقىرى مۇئاشلىق يۇقىرى، ئوتتۇرا قاتلامدىكى دىرېكتورلار ئىگىلىك باشقۇرىدىغان كۆپ بىرلىكلىك كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ چىقىش يولىدۇر. چۈنكى، ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمى مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى ئېنىق بولغان، بازار ئىگىلىكىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا قېلىپلاشقان ئىلغار باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بولۇپ، مەۋجۇت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىشنىڭ ئاچقۇچى. ئۇ ئادەتتىكى كارخانا تەشكىلىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرى، شىركەت — بىر قانۇنىي شەخس كوللېكتىپى بولۇپ، قانۇنىي شەخسلىك ئورۇنغا ئىگە. شىركەت مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پاي قوشۇشىدىن تەشكىللەنگەن قانۇنىي شەخس كوللېكتىپى بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىي مۈلكى ئاساسىدا ئىگىلىك باشقۇرىدۇ. ھەربىر پايچىك ئۆزى چىقارغان مەبلەغ دائىرىسىدە شىركەتنىڭ چەكلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئايرىم پاي چېكىنىڭ مەبلەغ يۆتكەپ كېتىشى ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ زور ئىستىقرارلىققا ئىگە. ئەنئەنىۋى كارخانا مەيلى مۈلۈكدارلىق ياكى شېرىكلىشىش تۈزۈمىدىكى كارخانا بولسۇن، ئومۇمەن مۈلۈكدارنىڭ شەخس مۈلكىنى ئاساس قىلىپ ئىگىلىك باشقۇرغاچقا، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانا باشقۇرۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنە بىرى، شىركەت — ئايرىم شەخسنى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى بىر قانۇنىي شەخس باشقۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئىرادىلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى — مۈلۈكدار، ئەزالار يىغىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجرا قىلغۇچى خادىمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلەشمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋەت شەكىللىنىپ، مۈلۈكدار ئۆز مۈلكىنى شىركەتنىڭ ئەزالار يىغىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىدۇ. ئەزالار يىغىنى شىركەتنىڭ

ئەڭ يۇقىرى تەدبىر بەلگىلەش ئورگىنى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ ۋە ھوقۇق بېرىدۇ. ئۇلار ئەزالار يىغىنى بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇق دائىرىسىدە كارخانا باشقۇرىدۇ.

ئېلىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنىي شەخس دەپ قارالسىمۇ، ئەمما، ئەسلىدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شارائىتىدا ئۇنىڭ قانۇنىي شەخسلىك ئورنى ۋە رولى جارى بولمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقى ئايرىلمىغان. كارخانىچىلار بولسا «پادىشاھنىڭ قىزى ياتلىق بولۇشتىن قورقمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، كارخانا باشقۇرۇشتا زىيان تارتىپ قېلىشتىن قورقمىدى. پايدا ئالغاندا ئاكالە قارىغاي بىرىنچى دەپ، دۆلەتنىڭ ئەركە بالىسىغا ئايلاندى. زىياننى ئۇ سەۋەب، بۇ سەۋەبلەر، يىغىپ ئېيتقاندا دۆلەتكە دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنى زىياننىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، جەمئىيەتتىن بەھرىمان بولىدىغان نىسۋىدىن قۇرۇق قالمىدى. نەتىجىدە ئون كارخانىنىڭ بىرى بېجىرىم بولسا، توققۇزى كېمەل بولدى. دۆلەت بىر بېجىرىم بىلەن توققۇز پالەچنى باقتى. ئاخىرقى ھېسابتا دۆلەت ئىقتىسادىي جەھەتتە خارابلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىنلاشتى. بۇ پاجىئەگە ھېچكىممۇ ئىگە بولمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالدىغا جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قويۇلدى. مەسىلىلەر ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە زور دەرىجىدە ھەل قىلىنىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش كۆپ ياخشىلاندى. ئەمما، بۇ پەقەت بىر ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى بولۇپ، تولۇق ئۆزگىرىپ بولغىنى يوق. چۈنكى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك كارخانىلار، بولۇپمۇ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار تېخى ھەقىقىي چە-
قىش يولىغا ئېرىشكىنى يوق. شۇڭا، تارىختىن كېلىۋاتقان بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋە ئىسلاھ قىلىپ قايتا قۇرۇش جەريانىدا كېلىپ چىققان تۈپەيلىگەدىن توقاچ ئوغۇرلاپ دۆلەت مۈلكىنى تالاڭ-بۇلاڭ قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ھۆكۈمەتسىزلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان، مالىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتكە زىيان سالىدىغان، ئومۇمنىڭ ھېسابىغا شەخسىي يەپ-ئىچىدىغان بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەرگە بىر يولىلا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى دادىل ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بارلىق كارخانىلارنى شىركەتلەشتۈرۈش، ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دۆلەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش ئىزىغا سېلىش كېرەك. چۈنكى، ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا: بىرى، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پاي ھوقۇقى ئېنىق ئايرىلىدۇ ۋە قانۇنىي شەخس مۈلۈك ھوقۇقى ئورنىتىلىدۇ. شىركەت — مۈلۈكنىڭ قانۇنىي شەخس كوللېكتىپى بولۇپ، تەبىئىي ئادەمگە ئوخشاش ھەق-تەلەپ ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولىدۇ ۋە ھەق-تەلەپ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا دۆلەت مۈلكى، شىركەت مۈلكى ۋە شەخسىي مۈلۈكنىڭ چەك-چېگرىسى ئېنىق ئايرىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ «چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» دەك ئەھۋالغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، شىركەتنىڭ قانۇنىي شەخس مۈلكىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىش ئاساسىدا قانۇنىي شەخس باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلىدۇ. يەنى پايچىلار قۇرۇلتىيى شىركەتنىڭ مۈلكىنى ئۇ ئۆزى بەلگىلىگەن ئەزالار يىغىنىنىڭ ئىشلىتىشىگە ھاۋالە قىلىدۇ. ئەزالار يىغىنى كارخانا باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر كارخانىچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا

# بىلىم بىلەن تالانتنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىسلامجان شېرىپ

بىلىم بىلەن تالانت چەمبەرچاس باغلانغان. بۈيۈك مۇتەپەككۇر ۋە تالانتلىق ئالىملارنىڭ قارىشىچە، سەنئەتكارلىق تالانتى ئىجادىيەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغۇچى قۇش بولسا، بىلىم ئۇنىڭ قانىتىدۇر. چۈنكى، ئادەمنىڭ چۈشەنچىسىدە بىلىمگە تەشنالىق ئۇنىڭ ئۆزىنى ھايۋاندىن ئايرىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى بارغانسېرى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ، بۇ دۇنيادا «بىلىمدىن ئارتۇق قۇدرەتلىك كۈچ بولمايدۇ، بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشىلەر يېڭىلمەيدۇ» ①. ئادەم بېشىغا كەلگەن بارلىق كۈلپەتلەردىن بىلىم ئارقىلىق قۇتۇلىدۇ. ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇم ياكى كۈلپەت ئادەمنىڭ غايىلىق بىلەن غەپلەتتە ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن بولۇپ، ئۇ ئەقىل ۋە ئىرادە ئىنتىلىشلىرى ئارقىسىدا بىلىمنى ھاسا تاياق قىلىپ ئورنىدىن تۇرغان ھامان دۇنيانى بىلىشتە ئىلگىرىلەيدۇ ھەمدە دۇنيانى قانچە بىلگەنسېرى ئۆزىنى شۇنچە چوڭقۇرلاپ چۈشىنىدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەيىبلىرىنىڭ گۇناھىنى چۈشىنىپ ياخشىلىققا ئىنتىلىدۇ ۋە شۇ تۈپەيلى ئىلىم-پەن ئىشقىدا تېخىمۇ يەلك يانىدۇ. بۇ ئوت ئادەمنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن سىلكىپ ئويغىتىپ، ئۇنىڭ بېشىدىكى زۇلۇم ياكى كۈلپەتنى ئۆتكۈنچى نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. مۇشۇ ئىزچىللىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى ھايۋانلار دۇنياسىدىن، جاھا-

---

تاپشۇرىدۇ. مانا شۇنداق بولغاندا ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش ھەقىقىي ئىشقا ئېشىپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىزگىنلەش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ ھەم ھەقىقىي باشقۇرۇش ئىزىغا چۈشىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، نۆۋەتتىكى ئىقتىساد خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ئاساسىدا دۇنياۋى بىرلىككە كېلىۋاتقان ئىقتىساد. خەلقئارا ئىش تەقسىماتىدىن پايدىلىنىپ، دۇنياۋى بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادتا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئورتاق ھەرىكەت مېخانىزمىغا ئىگە بولۇش كېرەك. ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان، قانۇنلاشقان، قېلىپلاشقان ئورتاق ھەرىكەت مېخانىزمى بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە، جۈملىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن. تاشقى جەھەتتە، دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ماسلىشىپ، خەلقئارا ئىش تەقسىماتىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكۈزۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن.

---

① گوركىي: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى.

لەت دۇنياسىدىن،... ئازاد قىلىپ كېلىۋاتقان يولى بولغاچقا، سەنئەتكار تالانتلار باشقا-باشقا ئىشلاردا كارامەت كۆرسەتسىمۇ، بىلىمگە بىردەك پەرۋانە بولىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ تالانت چېنىقتۇرۇشنىڭ ئۇرۇقىنى بىلىمدىن ئىزدەپ، ئەبەدىي ھەقىقەتلەرنىڭ بۈگۈنكى ئىسپاتى، ئىنسانلىقىمىز ھەم ۋەتەن خاسلىقىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى، كەلگۈسى بەختىمىزنىڭ چىرىغى بولغان كىتابلارنى بايراق قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا تەلپۈنىمىز.

تالانت دېگەن نامنىڭ ئىچكى ساپاسى ھېسابلىنىدىغان ئىقتىدارنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، جەمئىيەتتە قابىلىيەتكە قارىتا تۈرلۈك-تۈمەن تەلەپلەر بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورۇندايدىغان خىزمەت-تۈرلىرىگە قاراپ ئۇ يەنە ھەرخىل تەرىپلىنىدۇ. ئەمما، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىقتىدارغا بېرىلگەن ناھايىتى كەڭ ھەم تەكرار تەبىر ھەم بايانلارنى يىغىپ كەلگەندە، ئۇنىڭدا، ئاساسلىقى، ئۈچ خىل ئامىل بار، بۇلار بىلىم، نەزەر دائىرە ۋە قابىلىيەتتىن ئىبارەت. بىلىم دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ ئوقۇش تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى، ئوقۇش قابىلىيىتىنى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى، سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ئېغىز گەپكە يىغقاندا، بىلىم — ھەقىقىي، ئەمەلىي كامالەت دەرىجىسىدۇر. بىلىم، ئاساسلىقى، سۇبيېكت (بىلگۈچى)نىڭ ئوبيېكت (بىلىنگۈچى دۇنيا)نى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا ئۆتكۈزۈش جەريانىدا تۇرىدۇ. نەزەر دائىرە ئاللىقاچان ئىگىلەپ ئالغان بىلىملىرىنى تەتبىقلاپ تەكرار بىلىش ئېلىپ بارىدىغان جەريان بولۇپ، بۇ بىلىپ ئېلىنغان بىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە چوڭقۇرلىشىش، بىلىنمىگەن بىلىملەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئۈنۈملۈك ئىزدىنىش جەريانىدۇر. نەزەر دائىرە ئادەتتە ئەقلىي قابىلىيەت ياكى پاراسەت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئەقلىي قابىلىيەت ماكرو جەھەتتە ئالدىن كۆرۈش قابىلىيىتى، مىكرو جەھەتتە كۆزىتىش قابىلىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بىلىم بىلەن نەزەر دائىرە دېگەن ئادەمنىڭ مېڭە دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرىدىغان كېمە بولۇپ، بۇلار بۇنداق ئۈزۈۋشلىرىنى ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى داۋامىدا ئورۇندايدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەندە تامامەن قابىلىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق قابىلىيەت يالغۇز ئادەملەرنىڭ دۇنيانى بىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە قورالىدۇر. دېمەك، بىلىم تالانتنىڭ ئاساسى؛ نەزەر دائىرە تالانتنىڭ تۈۋرۈكى؛ قابىلىيەت بولسا تالانتنىڭ مودېلىدۇر. بىلىمسىز بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا بىلىمنى تالانتنىڭ قانىتى ھېسابلاپ، پەقەت بىلىم ۋە يەنە تېخىمۇ مول بىلىم ئارقىلىق قوراللىنىپ، سەنئەتكارلىق ئاسمىنىدا ئۇچۇشقا تەييار تۇرىمىز.

**1. بىلىم ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاشنىڭ تالانتنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى** بىز بىلىمنى تالانتنىڭ قانىتى دېگەندە — بىر ساھەنى ئەمەس، بەلكى، ھەرقانداق بىر ساھەنى نەزەردە تۇتىمىز. شۇڭا، ھەرقانداق ساھەنىڭ پېشۋاسى ياكى سەركىسى ئالدى بىلەن بىلىمگە چاڭقاق ۋە ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۆلچەرلىگۈسىز قۇدرىتىنى چۈشەنگۈچىدۇر. ھازىرقى پروزىچىلىقىمىزنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان زوردۇن سابىرمۇ ئەنە شۇنداق دەيدۇ. ئۇ بىلىمنى تالانت قانىتى دېگەن سۆز بىلەن توختاپ قالماستىن يەنە «خەلقىگە، ئۆز ئىشىغا سادىق يازغۇچى جەمئىيەت، تەبىئەت، تۇرمۇش ۋە ئىنسان توغرىسىدا كەڭ، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك» لىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى دۇنياۋى ئالىملارنىڭ يۇقىرىدىكى قاراشلىرىغا كۆرە ئورتاقلىقنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يازغۇچىلىق خاسلىقىدا تېخىمۇ توغرا ئېيتىلغان. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مول بىلىمدىن ئايرىلغان يازغۇچىلىق، ئالىملىق، ئىختىراچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرى. بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، جۈملىدىن تالانت تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە بىلىمنىڭ جەۋھىرى. ئۇ ئادەتتە ئادەمنىڭ كۆپلىگەن بىلىملەرنى جۇغلى-

شى، بىلىمگە ئىلمىي يوسۇندا ئىش قوشۇشى،
ئىجادىي تەتبىقلىشى داۋامىدا شەكىللىنىدۇ.
تالانت ئىچىدە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ماھا-
رەت ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىسىمۇ، لې-
كىن ئۇلار يەنىلا بىلىمنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ
شەكىللەنگەنلىكتىن، تالانت تەركىبىدە بىلىم
ئاساس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇنداق بولغانلىق-
تىن، كىمىكى ئۇتۇق قازىنىش تەسەۋۋۇرىدا
بولۇپ، بىلىمى بولمىسا، ئۇ قاناتلىق ئەمما ئا-
ياغسىز بولۇپ قالىدۇ. بارلىق ئالاھىدە تالانت-
لارنىڭ دەسلەپىدىلا بىلىم مەستانىلىرىدىن بو-
لۇپ قېلىشىدىكى سىر ئەنە شۇدۇر. شۇنداقلا
ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا مېڭىنى ئىشلە-
تىش سەنئىتىنى ئىگىلەش، پىكىر-تالانت ئۇچ-
قۇنلىرىنى تۇتۇپ ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئا-
دەمنىڭ مېڭە ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنى-
يىتى بار. نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش، ئۆ-
گىنىش ياكى كۆزىتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن
ماتېرىياللارنى ئۇلاپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق
ئۆز ئالدىغا يەكۈن چىقىرىش ھەمدە بۇ يە-
كۈنلىرىنى ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرۈش ئىجا-
دىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇ-
سۇلى. لېكىن، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن
مول بىلىم بولۇشى شەرت، بۇنداق بولمايدى-
كەن، ئادەم پىكىر قىلىشتا زور چەكلىمىگە
ئۇچرايدۇ. ئىجادىيەت تەجرىبىسى مول ئالاھى-
دە تالانتلىق ئالىملار: باشقا پەنلەردە بارلىققا
كەلگەن يېڭى ئىدىيەلەر كەسپىي تەتقىقاتچى-
لارغا ناھايىتى زور ئىلھام ۋە مەدەت بولىدۇ،
مول بىلىم بولغاندىلا، ھېچبولمىغاندا بىرەر
ساھەدىكى بىلىملەرنى تولۇق چۈشەنگەن
ئادەملا ئىجادىيەت پۇرسىتىنى قولدىن بەر-
مەي ئۇتۇق قازىنىدۇ، دەيدۇ. مەيلى ئىجادىي
قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى-
نى جانلىق ئىشلىتىش ياكى باشقا ساھەلەر-
دىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىدىكى تالانت ئۇچقۇنلىرى-
نى يانغىنغا ئايلاندۇرۇش جەھەتلەردە بول-
سۇن، بىلىم بولمىسا بولمايدۇ.

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تا-
لانت ئۈستۈنلۈكى مۇناسىپ تۇغما ئاساسى-
كى ئۆگىنىش، تەربىيىلىنىش، چېنىقىش، ئەمە-
لىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەنلىك-
تىن، ئۇ ئادەتتە بىلىم قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي
مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە تەپەككۇر ئالاھىدىلىكى
تەرەپتىن بەلگىلىنىدۇ. بىلىمنى ئېلىپ ئېيتقان-
دا، بىر سىستېمىنىڭ قانچىلىك ئىش قابىلىيىتىگە
ئىگە بولۇشى شۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلغۇ-
چى قۇرۇلمىلارغا باغلىق بولغاندەك، بىر ئادەم-
نىڭ قانچىلىك تالانت كۆرسىتىشىمۇ شۇ ئادەم-
نىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا باغلىق بولىدۇ. بىلىم
قۇرۇلمىسى دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي
بىلىمىدىكى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئالغان
بىلىمىنىڭ نىسبىتى ۋە ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان
ئىشلىرىغا ياراملىق دەرىجىدە تەقسىملىنىشىدۇر.
شۇڭا، تالانت تەتقىقاتىدا بۇ گەپنى مۇتلەق
مۇشۇنداق بېكىتىۋەتكىلى بولمىسىمۇ، بىلىم دې-
گەننىڭ تالانتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئوزۇق
ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى
ئەھۋالدا ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىلىم مىقدارى
ئاز، ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن
بولسا ياكى بىلىمىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئاز
بولمىسىمۇ بىلىمىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولسا،
بۇنداق ئادەمنىڭ تالانتلىق ئادەم بولۇپ كېتى-
شىدە ئانچە ئۈمىد بولمايدۇ؛ ئەگەر بىر ئا-
دەمنىڭ بىلىم مىقدارى مول، ئىگىلىگەن بىلى-
مىنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۇ بىلىملەرنىڭ بې-
رىكىشى تەرتىپلىك بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ
تالانتلىق بولۇپ كېتىشىدە — ئالىم، ئەدىب،
سەنئەتكار بولۇپ كېتىشىدە ئۈمىد بولىدۇ.
ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىلىمى بەك كۆپ بولۇپ
كەتمىسىمۇ، لېكىن سۈپەت جەھەتتىن پەۋقۇل-
ئاددە يۇقىرى بولۇپ كەتسە، بۇنداق ئادەم-
نىڭمۇ تېخنىكا مۇتەخەسسىسى، ئەدەبىيات-
سەنئەت ياكى تەنتەربىيە ماھىرى، ئىختىرا-
چى، ئۇستا دوختۇر ياكى باشقا بىر خىل
تېخنىكىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ كېتىشىدە ئۈمىد بولى-
دۇ، ئەمما ئوخشىمىغان ئائىلە، دەۋر، رايون-
لاردا ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى
ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تەربىيىلىنىشىدە ئېنىق
پەرقلەر بولىدۇ، شۇنداقلا بىلىم تالانتنىڭ
يېتىلىشىدە ئاساس بولسىمۇ، تالانتقا تەڭ بولما-
غانلىقى ۋە تەجرىبىلەرنى تالانتنىڭ تەركىبىگە

ئايلاندۇرغىلى بولسىمۇ تالانتقا تەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەپەككۇردىن ئىبارەت ئارىلىق تۇتاشتۇرغۇچى تالانت تەربىيىلىنىشىدە يادرولۇق رول ئوينايدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت بىلىمنىڭ تالانت تەرەققىياتىدىكى رولى ھەققىدىلا توختىلىمىز، ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل بىلىمنىڭ تەكرارلىنىشى ياراتتىمۇ ياكى ئىجادىيەت پاراستىمۇ؟ ھازىرقى كۈندىكى تالانت تەربىيىسىدە بىلىمنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويايلى دېسەك، ھازىرقى بىلىملىرىمىزنى تەكرارلاش بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات مۇساپىمىزدا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟ ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن ئىبارەت بىر خىل كەشپىياتنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىرىشى بىلەن بۇرۇن ھەقىقەت دەپ يۈرگەن شۇنچە كۆپ ئۇقۇملىرىمىز تەۋرەپ كەتكەن يەردە، يەنە بىلىمنى كۈچ دەپ تونۇۋالساق پاراسەتكە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ بىز بۇنداق سوئاللار نەزەرى بىلەن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىغا يەنە بىر نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىنسانىيەتتە زىلزىل پەيدا قىلغان سېھرىي-ھېكمەتلەر مول بىلىم ھەم ئۇنى جانلىق تەتبىقلايدىغان ئىجادىي پائالىيەت ئارقىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىكرى ئەنە شۇنداق مەۋجۇتشەيئىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى ھەر زامان ئالىملىرىنىڭ پاراسەت مۆجىزاتلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا قارايلۇق، ھازىر بىزدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئاپتوماتىك ماشىنىلار بۇرۇنقى بىلىملىرىمىزنى تەتبىقلاش ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان، بۇلار ئىنسانلارنىڭ غەيرىي ئىجادىي بولغان پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتنى يەنە مۇشۇ نىزام بىلەن بولىدۇ دېگەندە، ماشىنىلار تېخىمۇ ناكامۇل سەۋىيىدە ئىنسانلارنىڭ غەيرىي ئىجادىي بولغان پائالىيەتلىرىنى ئورۇندايدۇ. ئەمما، ھېچقانداق ئىلغار ماشىنا ئادەمدىكى ئەقلىي پائالىيەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆلمەس قىممىتى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ياخشى نام، ياخشى خەت ئۆلمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتتىكىدەك ئىجادىي پائالىيەتلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ياخشى نام بۇرۇنقى بىلىملىرىمىز بىلەن قالدۇرۇلغان بولسا، ئۆلمەيدىغان ياخشى خەت يېڭى ئىجادىي تەپەككۇرىمىزنىڭ مەھسۇلى بولۇپ مەيدانغا چىقىپ، تۇرمۇشىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ھەربىر يېڭىلىنىش ۋە ئۆسۈش ئەنە شۇنداق ئىجادىي قابىلىيەت ئارقىسىدا بىرەر ئىجادىي نەرسىنى بەلگە قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن. ھازىرقى كۈندىمۇ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ بىخلىنىشى، پىشىپ يېتىلىشى ۋە سەكرىشى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولماقتا. بىراق ئىنسانلار دەسلەپكى چاغلاردا بۇنى بىلىپ يېتەلمىگەنلىكتىن، ئادەمگە باھا بەرگەندە ماھىيەتلىك بولمىغان بەزى يۈزەكى ھادىسىلەرنى تۇتۇۋالغان ۋە ئادەم بىلەن ھايۋانلارنى سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئادەمگە تەبىر بەرگەن. بۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل مەنبەسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش چوڭقۇرلاشمىغاندا، ئەقىلنى يۈرەكتىن ياكى كۆكۈلدىن ئاقتۇرۇپ، ئەقىلنىڭ مەنبەسى چوڭ مېڭىگە سەل قارىغاندەك ئىدى. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ماھىيىتى بىلەن ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىردەك بولۇپ، بۇرۇنقى چاغلاردا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يەتمىگەن تەقدىردىمۇ تارىخ ھەرقاچان ئاشۇ ماھىيەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن يارالغان. شۇڭا، بىز تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئوبيېكتىپ، مۇقەررەر بولىدۇ دېگەندە، تارىخ قانۇنىيەت رولىنىڭ مېخانىزمىدا ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بارلىقىنىمۇ نەزەردە تۇتىمىز. چۈنكى بىر تەرەپتىن، ئادەم مۇئەي-

يەن ئىجتىمائىي شارائىتتا ئىجادىيەت ئېلىپ
بارىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، تارىخنىڭ تە-
رەققىيات قانۇنىيىتى يەنە ئادەمنىڭ ئىجادىي
پائالىيىتىنى، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ كەم
بولسا بولمايدىغان ھالقىسى قىلىدۇ. مۇشۇنداق
ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاپ،
ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ جانلىق تارى-
خىي جەريانىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ناھايىتى
جانلىق بولغان بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريا-
نى ئىنسانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىجادىيەت
ئېلىپ بېرىشتىن ئاڭلىق ئىجادىيەت ئېلىپ بې-
رىشقا ئۆتۈش جەريانى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ
ھايۋانلاردىن ئايرىلىشى قانچە يىراقلاشقانسېرى
بۇ جەريان شۇنچە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.
ئىنسانلار ئىستىخىيىلىك ھالدا بارلىققا كېلىدىغان
بارلىق ئالدىنقى شەرتلەرنى ئاڭلىق تۈردە
ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېلىپ بارغان
ئىجادىيىتى ھېساپلاپ، بۇنداق ئالدىنقى
شەرتلەردىكى ئىستىخىيىلىكنى چىقىرىپ تاشلاي-
دۇ.

كىشىلەرنىڭ بىلىم ھەققىدىكى قارىشىمۇ
ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە ئوخشاش
بارغانسېرى چوڭقۇرلايدىغان نەرسە بولۇپ،
بىلىم بىلەن بىلىمنى تەتبىقلاش پاراستىگە
بولغان قارىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىدۇ. قا-
راپ باقايلى، بىلىم نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان
كىشىلەر قەلبىدە ئاجايىپ مۇقەددەس نەرسە
بولۇپ كەلدى. بېكوننىڭ «بىلىم — كۈچ»
دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىمۇ ئومۇميۈزلۈك قا-
راشقا ئايلاندى. كىشىلەر بۇ سۆزنى مۇتلەق
ھەقىقەت دەپ قارىدى. بۇنداق قاراش شۇ
چاغدىكى كىشىلەر بىلىمنىڭ ھازىرقىدىن ئازلى-
قىدىن، بىلىشنىڭ ھازىرقىدىن يۈزەلىكىدىن
بولغانىدى. ئۇچۇر ۋە بىلىم پارتلىغان بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ بىلىمى ناھايى-
تى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. بىلىشىمۇ
چوڭقۇرلاش بولدى. بۇنداق ئۆزگىرىلەش ۋە
چوڭقۇرلاش كىشىلەرگە بىلىمدىن بىلىمنى
تەتبىقلاشنىڭ، بىلىم ئىشلەپچىقىرىش پاراستى-
نىڭ، تالانتنى ئۆستۈرىدىغان تەھلىل قىلىش
ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم-
لىقىنى ھېس قىلدۇردى. بىلىمنى تەتبىقلاش ۋە
بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ئىجادىي خاراكتېر ئالغان
پاراسەتلىك پائالىيەت بولۇپ، تالانتنى ئۆستۈ-
رۈشتىكى ناھايىتى مۇھىم تەرەپ ئىكەنلىكىنى،
بۇنداق پاراسەتكە بىلىم تەڭلىشەلمەيدىغانلى-
قىنى تونۇتتى. ھازىر ئالىملارنىڭ ئۇچۇر، بى-
لىم، پاراسەت ھەققىدىكى قارىشى مۇنداق
بولماقتا: ئۇچۇر — قوم رۇدا ھالىتىدىكى نەر-
سە بولۇپ، ناسان ئېرىشكىلى ياكى تەستە
ئېرىشكىلى بولىدىغان بارلىق ئەمەلىيەت ۋە
ئىدىيىلەرنىڭ يىغىندىسى، ئۇنى مەلۇم ۋاقىتتا
كىشىلەر پايدىلانسا بولىدۇ. بىلىم — كىشىلەر
زور مىقداردىكى ئەمەلىيەت ۋە ئىدىيىلەرنىڭ
يىغىندىسىنى بېيجىڭ ئالغاندىن كېيىن تاۋلىنىپ
چىققان ۋە كىچىكلىتىلگەن، تەتبىقلاشقا بولىدى-
غان نەق نەرسە، كۆپ ساندىكى بىلىم
مەخسۇس بىلىم بولۇپ، مەلۇم بىر ساھە،
مەلۇم ئىلىم، مەلۇم بىر خىل تېخنىكا توغرىسى-
دىكى بىلىشتىن ئىبارەت. پاراسەت بولسا، ئې-
گىلىگەن بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا
ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يارىتىلغان
بىلىم، تەجرىبە ۋە ئۇسۇللارنى بىلىش، ئىگە-
لەش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەتبىقلاشتىن ئىبارەت.
بىلىمنىڭ ئىگىلىنىشىدە ئاز-كۆپلۈك، يۇقىرى-تۆ-
ۋەنلىك، پۇختا-ناپۇختىلىق پەرقلىرى بولىدۇ.
پاراسەتتە بولسا يول ئېچىپ مېڭىش ۋە يېڭى-
لىق يارىتىش، كونىلىقنى ساقلايدىغان بېكىنمە،
تۇرغۇن ھالەتلەرگە خاتىمە بېرىشكە ئەھمى-
يەت بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئىلىم-پەن بىلىملىرى-
نىڭ ئىجادىي كۆتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولۇپ،
ئىلىم-پەننىڭ نەق بارلىقىدىن ھالقىپ كەت-
كەن سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇنداق
سەۋىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاندىلا، ئۇچۇر ۋە
بىلىم ئالاھىدە تەتبىقلىنىش قىممىتىگە ئۆزگىرى-
لەيدۇ. شۇڭا، ئۇچۇر، بىلىم ۋە پاراسەتنىڭ
ئوخشىمايدىغان تەرىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:
ئۇچۇرلار تەگداش بولىدۇ؛ بىلىم — ئوخشاش

بولمىغان ئۇچۇرلارنىڭ گۇرۇپپىلىشىشى بولۇپ،
چوڭقۇر، تېز دەپ ئاپىرىلىدۇ؛ پاراسەت هايا-
تىي كۆچكە ئىگە جانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، ئۇچۇر ۋە بەدىئىي گۈزەللىك بىلەن
تولۇپ كېتىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە، ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتـ
قان ئۈچ ئامىلنىڭ ئۇچۇر ۋە بىلىمدىن ئىبارەت
ئىككىسىنى ئىگىلەش ناهايىتى زۆرۈر بولسىمۇ،
تېخىمۇ ئەركىنرەك، كۈچلۈكرەك خاسلىقتا ئىگە
هالەتتە تۇرۇپ بىلىمنى تەتبىقلاش ئۇسۇلى —
يېڭىلىق يارىتىش پاراسىتىنى ئىگىلەش ئادەمـ
نىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا
ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

كىشىلىك هاياتنى مىسالغا ئالىدىغان بول-
ساق، ئۇ بىر خىل جەريان، بۇ جەريان
ئەمەلىيەتتە باشقىلار بىلىمنىڭ يول كۆرسىتـ
شىگە، ئاللىقاچان تىكلەنگەن يول كۆرسەتـ
كۈچلەرگە قاراپ مېڭىشقا، هەتتا بەزى هالـ
لاردا باشقىلارنىڭ يېتىلەپ ماڭدۇرۇپ قويۇشىغا
مۇهتاج بولىدۇ. ئەمما، هەرقانداق ئادەم ها-
مان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مېڭىشقا مۇهتاج
بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ هاياتى ئۈچۈن ئىجادىيەت
پاراسىتى زۆرۈر بولماي مۇمكىن ئەمەس. ئىـ
جادىي پائالىيەت ساهەسىدە كىشىلەر مېڭىش
كېرەك بولغىنى يېڭى يول بولۇپ، بۇنداق يېڭى
يوللاردا بەزىدە ئەگرى يوللارنى بېسىپ ئۆ-
تۈشكە، خەتەرلىك هاڭلاردىنمۇ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ. بۇنداق يوللار قانچە خەتەرلىك
بولغانسېرى شۇنچە ئېچىۋېتىلگەن خاراكتېرغا
ئىگە بولىدۇ. بۇنداق خەتەرلەر پەقەت تۇر-
لۇك ئۆزگىرىشلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا مۇستەقىل
بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتى بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن يېڭى يوللاردا
ئۇچرايدىغان ئايلىنىش، ئەگرى-توقايلىق،
خەتەرلىكلەردىن قورقماي، هاياتلىقنىڭ ماكا-
نىنى كېڭەيتىپ مېڭىش، ئۆز ئالدىغا يول تېپىپ
مېڭىش پاراسىتىنى ئۆستۈرۈش، شۈبهىسىزكى،
مۇستەقىل ئىجاد قىلىش روهىغا تېخىمۇ پۇختا
ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ تالانت بايرىـ

قىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەڭ
ياخشى چېنىقىش بولماي نېمە؟

شۇڭا، بەزىلەر باكلاۋىر، ماگىستىر،
دوكتور ياكى باشقا ئىلمىي ئۇنۋانلارنىڭ قالپە-
قىنى كىيىۋېلىپ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن تالانت
بىخلىرىنى ئىجادىي نەتىجىلەرگە ئايلاندۇرالـ
مايدىغان كىشىلەرنى ئانچە ئەقىللىق هېسابلاپ
كەتمەيدۇ. يازغۇچى ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكـ
مۇ تالانتنى ئۆستۈرۈشتە بىلىمنى تەكىتلەش
بىلەن بىر چاغدا، تېخىمۇ ئەقىللىق بولۇشنىڭ
يولىنى تۇرمۇشنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش ھەمدە شۇ
چۈشەنچىسىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىززىتىنى
ئۆستۈرۈش، تەرەپتىن كۆرسىتىدۇ.

راست دېگەندەك، دوكتورلارنى مىسالغا
ئالىدىغان بولساق، ئۇلاردىكى مول بىلىم
خەلقنىڭ بايلىقى، مىگلاپ كىشىلەر ئۇلارنىڭ
خەلقىمىزگە بىرەر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ بې-
رىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ مول بىلىمنى
تەتبىقلاپ ئىجاد قىلىشتىن ئايرىلسا، قانداق
ئەقىللىق بولالايدۇ ۋە خەلق كۈتكەن ئۈمىد-
لەرنى ئاقلىيالايدۇ؟ ئۇ ئىگىلىگەن بىلىملەرنىڭ
ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ياكى ئۇ بىلىملەر ئە-
مەلىيەتكە تەتبىقلانماي، ئىجادىي پائالىيەتـ
لەرگە قاتناشماي قاتماللىشىپ كەتسە، رېئال
تۇرمۇشىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن
ئاكتىپ خىزمەت قىلماستىن، بەلكى يېڭى بە-
لىملەرنى توسۇيدىغان ئاپەتكە ئايلىنىپ قېلىـ
شىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ
قاتماللاشقان بىلىمى ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇشى ۋە
يېتەكلىشىدىكى شاگىرتلاردىكى ئىنتىلىشنى بو-
غۇپ قويىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ۋاقتى ئۆتكەن
نەرسىلەر پاراسىتىمىزدىكى يېڭىلىق قوغلىشىش،
تېخىمۇ گۈزەللىككە ئىنتىلىپ تۇرۇپ ئىجاد قىلىش
ئۇرغۇسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

— كۆپ بىلگەن ئەمەس، بىلىمى مەنـ
پەئەت بەرگۈچىلا دانادۇر، — دەيدۇ گېرېـ
رىت. بۇ تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان ئاقىلانە سۆز.
بىر ئادەمنىڭ هەرقانچە بىلىمى بولسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ئۇ خەلققە مەنپەئەت بېرەلمە-

سە، « بىر ياخشى ئىش ئالەمچە ئىلىمدىن
ئەۋزەل » دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ، ئۆزد-
ىنىڭ بىلىمنى ئەتىۋلاپ تەبىئەت، جەمئىيەت
ياكى روھىي دۇنيانىڭ بىر مەسىلىسنى ھەل
قىلالمىسا، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ كوند-
راپ كەتكەن، ھازىرقى كۈندە جانغا ئەس-
قاتمايدىغان بىلىملىرىنى ۋەز-نەسىھەتكە ئاي-
لاندۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق باشقىلارغا قول
شىلتىپ جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرسە، بۇنداق
ئادەملەر ئەمگەكچىلەرنىڭ دەرد-ئەسىرىنى
ئېغىرلىتىشتىن باشقا نېمە رول ئوينايدۇ؟ ئۇلار-
نىڭ نامى ئۇنۋان جەھەتتىن ھەرقانچە ئۇلۇغ
بولسىمۇ، ئۇنداق نام خەلققە نېمە بېرىدۇ؟
ئەقىلنىڭ ئېگىز مۇنارىسى بولغان ھەرىكەتچان
تالانت بىزنى ئەنە شۇنداق پالەچ ياكى
تىرىكتاپلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىلىم بىلەن جەم-
ئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان دانالارغا
ئايلاندۇرىدۇ. ئەلا ئەدناسى بىر ۋائىزنىڭ
ئۇزاققا سوزۇلغان سۆزى ئىشتىراكچىلارنى بىزار
قىلسا، بىر يۇمۇرلۇق يازغۇچى تېخىچە جامائەت
ئاڭلىمىغان بىر قىزىق گەپنى قىلغان ھامان
يىغلاۋاتقانلارمۇ كۈلۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇن-
داق ھالەت پەقەت بىلىمنى ئەتىۋلايدىغان
ۋە بىلىم ئىشلەپچىقىرىدىغان پاراسەتنىڭ تا-
لانت ئۈستۈرۈشتە بىلىمدىن بەك رول
ئوينايدىغانلىقىدىن بولماي نېمە؟

بىز شۇڭا، تارىخىي تەرەققىياتنى بايان
قىلغاندا، بىلىملىك ئادەملەرنى تەرەققىيات
باسقۇچلىرىنىڭ ۋەكىلى قىلمايمىز، بەلكى
مەشھۇر ئىجادكارلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي
پاراسىتى باشچىلىقىدىكى ئەمگەكچىلەر ئاممى-
سىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش پائال-
يىتىنى ۋەكىلى قىلىمىز. بۇنداق قىلىش تارىخ-
نىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، ئىنسانىيەتنىڭ
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇندۇر.

ئەگەر بىز بۇنداق تەرەققىيات قانۇنىيىتى-
نىڭ ئەكسىچە ھەرىكەتلىنىپ، بۇرۇنقى بىلىم-
لەرنىڭ ۋە ياكى كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەتلى-
رىمىزنىڭ قۇلى بولىدىكەنمىز، پۈتكۈل ھەرىكە-
تىمىزدە ئەتراپىمىزدىكى تۆۋەن سەۋىيىلىك
ھەرىكەتلەرنى ئەندىز قىلىش ۋە ئاللىقاچان
بېكىتىلگەن بىلىم فورمىلىرىنى تەپەككۇر فور-
مىسى قىلىش كېلىپ چىقىدۇ-دە، بىزنىڭ بۇن-
داق قېلىپلاشقان ھەرىكەت ۋە فورمىلىلاشقان
تەپەككۇرىمىز ئىجادىي پىشىقلىققا قارشى تو-
ساققا ئايلىنىپ، بىزدىكى ئىجادكارلىققا ۋە شۇ
ئاساستىكى بەختلىك ھاياتقا ئىنتىلىش رىغبىتى-
نى يوقىتىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەت كۆپ ھاللاردا
ھازىرقى زاماندىمۇ خۇددى قەدىمكى زاماندى-
كىدەك ياكى بىكون زامانىدىكىدەك بىلىمنى
كۈچ ھېسابلاپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا كونا بى-
لىملەر ئاساسىدىكى ھەرىكەت ئەندىزچىلىكى
ۋە تەپەككۇر دورامچىلىقىنى بازارغا سېلىشتىن
ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق بىر تەرەپلىمە تەش-
ۋىقات تۈپەيلىدىن كىشىلەردە ئىككى خىل ئې-
غىش كېلىپ چىقىدۇ. بىرىنچىدىن، تەييار
ئەندىزىلەر بويىچە ئىش قىلىش ئىجادىيلىقنى
بەرپا قىلىشتىن ئاسان بولغانلىقتىن، نادانلىققا
ھامىي كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەندىزچىلىككە
ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئېغىش ۋە ئۇنىڭغا كۆ-
نۈكۈش ئادەمنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ئاسا-
سىدا ھەرىكىتىنى يېتەكلاش قابىلىيىتىنى بارغان-
سېرى ئاجىزلىتىۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەييار
پاكىتلار بويىچە ئىش قىلغاندا، روھىي جە-
ھەتتە خاتىرجەم بولغانلىقتىن، بۇنداق بىر
تەرەپلىمە تەشۋىقات تۈپەيلى كىشىلەردە
« ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا
بولىدۇ، نېمە بولسا شۇنىڭغا ھە-پە قىلمايمىز-
مۇ » دەيدىغان پىكىر غاپىللىقى ئۆسۈپ كېتى-
دۇ. بۇنداق پىكىر غاپىللىقى ئادەمدە كاللا
ئىشلىتىشتىن قورقۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى چېكى-
نىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالىملارنىڭ تەھلى-
لى بويىچە قارىغاندا، مۇنداق ئىككى خىل
ھادىسە ئادەمدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە ئىجادىي
خاسلىقنى يوقىتىشنىڭ پسىخىك ئاساسى بولۇپ،
بۇنداق پسىخىك ئاساسنى ئىجتىمائىي جەھەت-
تىن ۋە شەخسلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن
تازىلىمىغاندا، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەردە

كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جىگەرسىزلىك بارغانسېرى
ئەۋج ئالدى. كىشىلەرنىڭ بەختكە ئېرىشىش
ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان ئىجادىي پائالىيەتلىر-
رىگە بولغان مەنىۋى رىغبەت ئاجىزلاپ كەتتى-
دۇ. ھەرىكەت ئەندىزچىلىكى بىلەن پىكىر
فورمىچىلىقىنىڭ زىيانلىرىنى تېزلىكتە كۆرۈپ ئال-
غىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ خۇددى ئىنتايىن
خاتا ۋە ھەر كۈنى جېنىمىزنى قىيناپ تۇرسىمۇ
كۆنۈكۈپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن «ھەق
راست» دەپ تونۇلايدىغان خۇراپاتلىق شوئار-
لىرىغا، ئارىمىزدا تۈگىمەس نىزا پەيدا قىلى-
ۋاتسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇن تۇر-
غانلىقتىن توسىغىلى بولمايۋاتقان پىسخىك
ئاجىزلىقلىرىمىزغا ئوخشاش بىزنىڭ تالانت نوتى-
لىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، پاراسەت كەپتەرلىرىمىز-
نىڭ قاناتلىرىنى سۇندۇرىدۇ.

مۇشۇنداق ئاسارەت قاپلىۋالغان ئەترابقا
نەزەر سېلىپ باقايلى: بىلىمنىڭ ئازلىقى، تې-
يىزلىكى ۋە شۇنچىلىك بىلىم ھەم تەجرىبىلىرى-
نى ئەندىزچىلىك ھەم فورمىچىلىقنىڭ دەسما-
يىسى قىلىۋالغان ئادەملەر مەلۇم ئالاھىدە
تەشكىلات ۋە مەلۇم ئالاھىدە خىزمەت كىملا
جان-جەھلى بىلەن يۆلىنىۋېلىپ، دۇنيانىڭ
باشقا قاسناقلىرىدىكى ھۆرلۈك ھەم دانىشمەن-
لىك كانالىرىدىن پارتلاۋاتقان مىڭلاپ گۈزەل-
لىكنى كۆرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەر
دائىرىسى تار بولىدۇ. ئۇلار شۇ تار نەزەر
دائىرە بويىچە بىر يۆلەنچۈك تاپقان ھامان
خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ
نەزەر دائىرىسى تار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ
خاتىرجەم بولۇپ كۆڭلى قانائەت ھاسىل قىلى-
دىغان دائىرىسى ناھايىتى تار بولىدۇ. بۇنداق
ئادەملەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلغانسېرى
ھوشيارلىقىنى يوقاتقان ئەقىللىق ئادەملەرمۇ
پىكىر قانىتىنى يۆزلىنىپ كېتىدۇ.

پسىخولوگىيىدە بۇنداق ئەندىزىچىلىك ۋە
فورمىچىلىقنى ھايۋانلارنىڭ يېمەكلىك ئىزدىشىگە
ئوخشىتىدۇ.

پسىخولوگىيىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ تەجرىبى-
دە ئالدى بىلەن A ۋە B دېگەن ئىككى
ئايلانما قاشا ھاسىل قىلىنغان. ئاندىن شۇ
بويىچە ھايۋان يېمەكلىك تەرەپكە قويۇپ بې-
رىلگەن. A قاشانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېمەك-
لىك قويۇلغاندىن كېيىن، ھايۋان سىرتتىن قو-
يۇپ بېرىلگەندە كۆپ ساندىكى ھايۋانلار
يېمەكلىكنى تاپالىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، B
قاشانىڭ سىرتىغا يېمەكلىك قويۇلغاندىن كېيىن
ھايۋان ئىچكىرىدىن قويۇپ بېرىلگەندە، ھاي-
ۋانلار يېمەكلىكنى تاپالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى
شۇكى، يېمەكلىك قاشانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا
تۇرغاندا ھايۋان سىرتتىن ئىچىگە قاراپ ماڭ-
غانسېرى يېمەكلىككە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلالىغان. يېمەكلىك قاشانىڭ سىرتىدا تۇرغان-
دا، ھايۋان قاشانىڭ ئىچى تەرەپتىن سىرتىغا
ماڭغان، ئەمما، ئايلانما قاشا سەۋەبىدىن
يېمەكلىك دەم يېقىنلاپ، دەم يىراقلاپ كېتىۋاتى-
قاندەك ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرگەن. دېمەك، ھايۋان
نىشانغا يېتىش ئۈچۈن جەزمەن نىشاننىڭ نې-
رىسىدىن قەدەم تاشلاپ، ئاندىن بارا-بارا
نىشانغا يېقىنلاپ كېلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلەل-
مىگەن.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ تا-
لانت ئۈستىقۇرۇلمىسى ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىجا-
دىيلىقنى قېزىشقا باغلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن
تەييار بار تەجرىبە ھەم بىلىم بىلەنلا
چەكلەنمەستىن، يىراققا نەزەر تاشلاش زۆ-
رۈردۇر. بىلىمنى ئىجادىي تەتبىقلاش بويىچە
يىراققا نەزەر تاشلاشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىش
ئۈچۈن، زامانىمىزدا «ماشىنىلار شاھى» نا-
مىنى ئالغان ھېنرى فوردنىڭ ماشىنا ئىجادىيى-
تىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا قاراپ باقايلى،
فورد بار بولغان بەش تۈرلۈك بىلىمنى ئىجا-
دىي قوراشتۇرۇش نەتىجىسىدە «فورد»
ماركىلىق ئالىي پىكاپنى ئىجاد قىلغان. بۇ
بەش تۈرلۈك بىلىمنىڭ بىرىنچىسى، تۆت قورال-
لار دەۋرىدە ئىجاد قىلىنغان چاق؛ ئىككىنچى-
سى، 1520-يىلى ئىجاد قىلىنغان ئىچىدىن يا-
نىدىغان دىۋىگاتېل؛ ئۈچىنچىسى، 1885-يىلى

ئىجاد قىلىنغان يەل بېرىلىدىغان چاق؛ تۆتىنچىسى، ئاككۇمۇلياتور؛ بەشىنچىسى، ئېلېكتر چىرىغى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىكىپ «فورد» پىكاپىغا ئۆزگىرىشىدە فوردنىڭ تەييار بار بولغان بەش تۈرلۈك بىلىمنى يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ ئىجادىي بىرلەشتۈرۈشى، يەنى «ئىجادىيەت بەلبېغى» بىلەن «تەكرار قۇراشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى» ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى پىكرى جەھەتتىن دورامچىلىققا كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەر فوردقا ئوخشاش تەييار بىلىملەر ئاساسىدا يىراققا نەزەر تاشلاش زۆرۈرىيىتىنى بىلەلمىگەنلىكى، زۆرۈرىيەتنى بىلسىمۇ مۇستەقىل تەپەككۇردىن كىشىلەرنىڭ كونا بىلىملىرىنى ئەلا بىلگەنلىكى ئۈچۈن، خۇددى ئايلانما قاشا (B) نىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ھايۋانغا ئوخشاش نىشاندىكى نۇقتىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىرلا جايدا مەھكەم ساقلىغۇچى بولۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىمۇ شۇ يەرگە ئىسكەنجىلىنىپ كەتكەن. پىكرى ئىسكەنجىلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلاردا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاقتىنچە نىشاندىن يىراقراق تۇرۇپ تۇرۇش ئارزۇسىمۇ قوزغالمىغان، بۇ ئەمەلىيەتتە نادانلىقتا قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى پىكرى جەھەتتىن چەكلەنگەن رايون بەلگىلىشى بولۇپ، بۇنداق چەكلەنگەن رايوندىن پەقەت ھەر ئادەم ئۆزىلا بۆسۈپ ئۆتەلەيدۇ. چۈنكى كىشىلىك دۇنياسىدا باشقىلار چەكلەپ تۇرىدىغان رايونلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئادەمنىڭ ئەركىن ئويلاۋاتقان كاللىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ «چەكلەنگەن رايون» بەلگىلەپ قويالمايدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھەر كىمنىڭ كاللىسىدىكى بۇنداق تەييار نەرسىلەر بىلەن چەكلىنىپ ئەركىن تەسەۋۋۇردىن مەھرۇم تۇرۇۋاتقان رايونلار، ئاساسلىقى، شۇ ئادەمنىڭ پسخىك پەزىلەت جەھەتتىكى زەئىپلىكى ياكى نامى ئۇلۇغ ئالىمش نوپۇزلۇقلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، سىز شۇنى ئويلاپ باققانمۇ؟ سىز چوقۇنۇۋاتقان نوپۇزلۇقلارنىڭ ھېچقاندىقى ئاخىرىدا تاماملانغان بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش سەپىرىدە مەلۇم نۇقتىدا توختاپ قېلىپ، سىزنىڭ كېپىڭىزگە كۆنمەيدۇ. بىز چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەنە شۇنداق بار بىلىملىرىمىزنى يېڭىباشتىن ئىجادىي قوراشتۇرۇش، شۇ ئاساستا ئەسلىدە «ھەقىقەت» دەپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئەخمىقانە يەرلىرىمىزنى تۈزىتىپ ئالغا باستۇق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئەمەلىيەت ئالدىدا بىز يەنە بىلىمنى تەتبىقلاشنى بىلىم ئىگىلەشتىن ئەلا بىلىدىغان، بارلىق بىلىملىرىمىزنى يېڭىباشتىن قوراشتۇرۇپ ئىجاد قىلىدىغان پاراسەت باشچىلىقىدىكى تالانت چېنىقتۇرۇشتىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالالايمىزمۇ؟ چەتكە ئالالمايمىز، ئەلۋەتتە. بۇنداق ئىكەن، بىز بىلىم بىلەن تالانتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بىلىمنى قەدىرلەش، تەتقىقات ساھەسىگە كېرەكلىك بولغان ئاساسىي بىلىم بىلەن كەسپىي بىلىمنى پۇختىلاش بىلەن بىر چاغدا، شۇ بىلىملەر ئاساسىدا كاللىمىزدىن باشقىلار قىلمىغان ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنى ئۇرغۇتىدىغان پاراسەت ئىگىسى بولۇشقا ئىنتىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، بىزنىڭ ئىجادىي ئادەم بولۇشىمىزدىكى ئەڭ ئالىيجاناب ۋە يۈكسەك پەزىلىتىمىزدۇر.

چۈنكى، بىز مۇشۇنداق قىلغاندىلا پەننىڭ ئەڭ شەدىي دۈشمىنى بولغان قاتماللىق، جاھىللىقتىن ئازاد بولالايمىز، تېخىمۇ مۇھىمى كەچكىمىزدىكى كاللىمىزنىڭ خوجايىنى بولۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئەگىشىپلا يۈرمەي، ئۆز ئالدىمىزغا تەپەككۇر قىلالايمىز. كىشىلىك ھاياتتا ئالسىلا-باقسىلا قىلىدىغان، كەمتەرانە تۇرۇپ بېرىنۋېتىشكە بولىدىغان، ئەدەب بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنىدىغان، ھەتتا قىممەت باھالىق بولسىمۇ، «باش ئۈستىگە» دەپ

بىرئۆيتىدىغان نەرسىلەر بولىدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ كامالىتىنى ئىزدەيدىغان ئۆز ئالدىغا پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى بىرئۆيتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا پىكىر قىلىش پەزىلىتىنى يوقاتقان ھامان ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، كىشىنىڭ كۆزىگە جىسمانىي جەھەتتىن مۇستەقىل ئادەم بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇل بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئىز قالدۇرالمايدۇ.

## 2. بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

ئەمما، شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق ئىجادىي تەپەككۇر پاراسىتىگە ئىگە بولۇش ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولسىمۇ، ئۇسۇل ۋە تاللاش جەھەتتە زامانىمىزدا ئېتىقۋاتقان بەزى ئورتاقلىقلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىلىم ئىگىلەشتە تاللاشقا، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدىغان پەزىلەت تۇرغۇزۇشتا شۇنداق خىسلەتكە ئىگە ئادەملەردىن ئۆلگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دېگەن كىتابىمىزدا تاللانتنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەلا بىلىم قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇش ۋە ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىگىلەشكە ئائىت مەلۇمات بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت ھاياتلىقتا تاللاش بولغاندەك، تاللانتنى ئۆستۈرۈشتىمۇ بىلىمنى تاللاپ ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىگە قادىرلىشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن گەپنى بولدى قىلىمىز.

— ھازىرقى تاللانتلىقلارنى بىلىم تىپى، ئەقلىي ئىقتىدار تىپى، ئىجادىيەت تىپى ۋە كۆپ فۇنكسىيىلىك ئېستېتىك تىپى قاتارلىق تۆت تىپقا بۆلۈش مۇمكىن، — دەيدۇ پروفېسسور لىۋداۋېي، — بىلىم ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئامبىرى، ئەقلىي ئىقتىدار ئىجاد قىلىشنىڭ «مۇقىم مەبلىغى ھەم كۆچمە مەبلىغى»، ئىجادىيلىق بولسا ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىرادىسى، غايىسى، قىزىقىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. ئىپادىلەش ئۇسۇلى پەقەت ئېستېتىك «ئۆگىنىش ھەم ئىشلەش» تىن ئىبارەت ئىجادىيەت تەسىراتى بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئېستېتىك قىممەت ۋە ئېستېتىك قىزىقىش دەرىجىسىگە يەتكەندىلا تاللانتنىڭ ياكى سەنئەتكارلىقنىڭ غايىۋى دۇنياسىغا يېتىپ بارالايدۇ، يەنى كۆپ فۇنكسىيىلىك ئېستېتىك تىپىدىكى ئادەم بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ...

پروفېسسورنىڭ بۇ سۆزىدە بىر پۈتۈن تاللانتلىق ئادەم ياكى سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن، بىلىمنى ئىنسانىيەت پاراسىتىنىڭ ئەڭ ئەلا تەرەققىيات يۆنىلىشىدىن تاللاپ ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ئۇلۇغ غايە، تولۇپ-تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىق، پائال تۈردە ئىنتىلىش روھىنى قوشۇپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش كۆرسىتىلگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، كىشىلەر ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ، پەقەت مەنىۋى گۈزەللىككە، پەزىلەت كامالىتىگە ۋە ئىجادىي بولغان پاراسەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرلا تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى بىرلىكى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل يوللار بىلەن كىرىلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ كېتەلەيدىغانلىقى ھەممە مۇشۇنداق جىگەرى بار ئادەملەردىنلا خەلقى-ئالەمنى تەسلىم ئەيلىتىدىغان گۈزەل جەريانلار ھاسىل بولىدىغانلىقىمۇ يورۇتۇلغان.

روشەنكى، مەنىۋى گۈزەللىك، پەزىلەت كامالىتى ۋە ئىجادىي بولغان پاراسەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ناھايىتى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئەمما، يالغۇز بىلىم ئېلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ ئىجادىي تاللانتنى بايراق قىلغانلىقتىن، ئالدى بىلەن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى سۈتتىن قايماق سۈزگەندەك سۈزۈپ ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ.

بۇنداق مەدەنىيەت جەۋھىرى ئالاھىدە ساھە، ئالاھىدە دەۋرلەردىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى مەدەنىيەت كرىستالى بىلەن يول

ئىچىش، يىگىللىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى مەـ
دەنىيەت نەتىجىسىدۇر. مۇشۇنداق مەدەنىيەت
جەۋھىرىنى ئىگىلەش تارىخنىڭ قەدىمى بىـ
لەن تەڭ قەدەم باسالايدىغان دەۋر روھى
ۋە پاراستىنى ئىگىلىگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىـ
لەن كۆپ ساندىكى ساھەلەردە ئەركىن-ئا-
زادە ئىشلىيەلەيدىغان ۋە ئىجاد قىلالايدىغان
مەدەنىيەت ساپاسى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب
تۈرغۈزغىلى بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، بۇنداق مەدەنىيەت جەۋ-
ھىرىنى ئىگىلەش ئىگىلىگۈچىنىڭ سەۋىيىسىگە
باغلىق بولۇپ، ئىگىلىگۈچىدە رايون، دۆلەت،
مىللەت ھالقىغان دۇنياۋى ئاڭ ۋە مىللىي
مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى نەرسىلەرنى دۇنيا
سەۋىيىسىگە سىلجىتىپ كۆرىدىغان ھەمدە
دۇنياۋى نەرسىلەرنى مىللىي مۇھىتقا
ئۆزلەشتۈرەلەيدىغان ماھارەت بولۇشنى تە-
لەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى ئورۇنداش شەرتى
ئاستىدا ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان ساھەنىڭ
دۇنياۋى سەۋىيىسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرى-
دىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش،
مىللىي مۇھىت مەدەنىيەت تارىخىدا بارلىققا
كەلگەن كلاسسىكلارنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق
قىلىش، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىجادكار-
لىقنىڭ ئەھۋالى، يۈزلىنىشى ۋە نەتىجىسىنى
پۇختا ئىگىلەش بولسا مەدەنىيەت جەۋھىرىنى
ئىگىلەشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر-
قانداق مىللەتتىن ھەرقانداق دەۋردە مەي-
دانغا كەلگەن تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئىجادىي
پائالىيىتى دۇنياۋى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن
باغلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ماددىي
ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى ئىجادىيەتلىرىمۇ
مۇھىتتىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ
بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىنى
مىسالغا ئالساق، ئالدى بىلەن ئىسلام دۇنياسى
باغداتنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن (762-يى-
لى) قەدىمكى ئىلىم-پەن ئەسەرلىرىنى
ئىسلام دۇنياسىغا تەرجىمە قىلىپ ئۆزلەشتۈ-
رۈش ئارقىلىق، بۇ ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى
ئىشلەپچىقىرىشقا، تېخنىكا تەرەققىياتىغا تەتبىقلى-
دى، تەتبىقلاش جەريانىدا يېڭى تېمىلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجاد قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا
يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتى. بۇنىڭ بىلەن
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۇ ئىنشائات قاتارلىق تە-
رەپلىرىدە زور تەرەققىياتلار بولۇپ، يېزا ئىگى-
لىك گۈللەپ ياشناپلا قالماي، ھەتتا باغداتتا
100 تۈگمەن تېشىنى چۆرىيەلەيدىغان چاقپە-
لەك بارلىققا كەلدى، قول سانائەت ئالاھىدە
راۋاجلىنىپ شەھەرلەردە توقۇمىچىلىق بۇيۇملى-
رى، فار-فۇر قاچىلار، خۇش پۇراق بۇيۇملار
ۋە مېتاللىچىلىق، قەغەزچىلىك بارلىققا كەلدى،
بۇنىڭغا ياندىش ھالدا سودا-تىجارەت ئىشلىرىمۇ
ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچى ۋە خەلقئارا بويىچە
ئەۋج ئالدى. IX-ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا
ئاسىيالىق تۈرك خارازمىنىڭ ماتېماتىكىسى، قە-
دىمكى يونانلىق ھىپپوكرات ۋە گالېنىنىڭ
ئەسەرلىرىنى پارس خەلقىنىڭ تەجرىبىلىرىگە
قوشۇپ ئۆگىنىپ جارى قىلدۇرغان ئەل رازى
(865 — 925) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلى-
رىنىڭ تىبابەت تەجرىبىلىرىنى ھىندىستان،
جۇڭگو ۋە يونان تىبابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
«شاھى تىبابەت» نامىنى ئالغان ئەبۇ
ئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1090) دەك كاتتا
ئالىملارنىڭ تىببىي پەنلەرگە ئائىت ئەسەرلى-
رى، باغدات رەسەتخانىسىنىڭ تەجرىبىسى،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەردىن بىرونو قاتار-
لىق ئاسترونوملارنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى
ۋە مىسىرنىڭ قاھىرە رەسەتخانىسىدا ئىشلەيدى-
غان ئىبنى خەسەم (965 — 1034) نىڭ تە-
بابەت ۋە ئاسترونومىيە (ئوپتىكا-نۇر ئىلمىگە
ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار) گە ئائىت ئەسەرلە-
رى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقى-
تىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپادىكى نۇر-
غۇن كىشىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىجادىيەت
مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ھەيرانۇ ھەس بولۇپ،
پەن-مەدەنىيەت گۈللەنگەن ئىسلام دۇنياسىغا
تەلپۈندى بولۇپمۇ 1453-يىلى تۈركلەر ۋىزان-

تىجىسىنى ئىگىلەپ كونستانتىنپولنى ئىسلامبولغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئىتالىيانلار قاتتىق چۆچۈدى-دە، ئەجدادلىرى قەدىمدە ئىجاد قىلغان كلاسسىكلارنى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن تەرجىمە قىلىنىپ كىرگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئادەم توغرىسىدا يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. «كىشىلىك ھوقۇقنى قولدىن بېرىپ قويۇش نادانلىق ۋە قالاقلىقنىڭ مەنبەسى» ①. ئىگەنلىكىنى، بارلىق يامان ئاقىۋەتلەر، ھەتتا ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان مەھكۇملۇقلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئاگاھ بولمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇنداق خورلۇقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئادەمنى مەركەز قىلىپ خرىستىئان ئىلاھىنى مەركەز قىلغان فېئوداللىققا قارشى ئىنسانپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ داھىسى پېتراركا (1304 — 1374) «ئادەم ئۆز-ئۆزىنى يارىتىدۇ، ئۇ ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. ئادەم نېمىدېگەن كارامەت-ھە! ئۇ ئۆزى تاللاپ قىلغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، ئارزۇ قىلغان نەرسىنىڭ ھەرقانداقىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ئادەم تۆرىلىشتىلا بارلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ھالدا تۆرىلىدۇ» ②. دېگەن خىتابىنى چىقاردى. بۇنداق ئىلغار ئىدىيىنىڭ ئاۋۋال ئىتالىيىدە، ئاندىن غەربىي ياۋروپادا تارقىلىشى، كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىدىيە تەييارلىقى، بۇرژۇئازىيىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن يول تۈزلەش بولدى. بۇنداق ئىنقىلاب نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆز تەلىپىنى قاندۇرۇش كۈرەشلىرى ئەۋج ئالدى، كاپىتالىستلارمۇ يەڭگىنى تۈرۈپ سانائەتكە ئاتلاندى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، ياۋروپانىڭ يۈكسەك ماددىي مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشىقا ئاساس ياراتتى. دۇنيا تارىخىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش دەۋرى دەپ ئاتالغان بۇ دەۋر ئىتالىيىنى، ئىتالىيىدىن ھالقىپ ياۋروپانى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتكۈل دۇنياغا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئادەمنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ھەققىدە چۇقان سېلىپ، تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى، خاسلىقى، پەزىلەت خاراكتېرى، بىلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئۇنىۋېرساللىقى، ھۈنەر-سەنئەتنىڭ كۆپ خىللىقى جەھەتلەردە پۈتكۈل دۇنياغا تېتىيدىغان گىگانت ئادەملەرنى يارىتىپ، دۇنيانى يېڭى گۈزەللىككە باشلىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆركەم تاجلىق شائىر نامىنى ئالغان فلورېنسىيىلىك پېتراركا (1304 — 1374)، «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كەنجى شائىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە يېڭى زاماننىڭ تۇنجى شائىرى» نامىنى ئالغان فلورېنسىيىلىك شائىر دانتىنى (1265 — 1321)، «ئون كۈنلۈك ئىشلار توغرىسىدا» نىڭ ئاپتورى فلورېنسىيىلىك بوكاچچو (1313 — 1375)، ئىسپانىيىلىك سېرۋانتىس (1547 — 1616)، ئەنگلىيىلىك شېكسپىر (1564 — 1616) قاتارلىق دۇنياۋى چولپانلار، سەنئەت ساھەسىدە ھەر تەرەپتىن تالانتلىق بولۇپ ئەڭ مەشھۇر نام ئالغان فلورېنسىيىلىك لېئو ناردو داۋىنچى (1452 — 1519)، فلورېنسىيىلىك مىكلئاند جېلو (1475 — 1564) قاتارلىق چولپانلار، تەبىئىي پەنلەردە پولشا ئاسترونومى نىكولاي كوپېرنىك (1473 — 1543)، ئىتالىيىلىك گىئوردانوبرونو (1548 — 1600)، ئىتالىيىلىك گاللىلو گاللىلېي (1654 — 1642) قاتارلىق چولپانلارنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتمەيدىغان ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنى ياراتتى. بۇ دانىشمەنلەر بارلىققا كەلتۈرگەن ئەسەرلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ھەر تەرەپتىن ئۈستۈرۈشكە دەستۇر بولدى. دېمەك، ئىنسانلار ئەنە

① جاڭ تاڭسىك: «ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئادەم» خەنزۇچە نەشرى، 10-بەت.
② پېتراركا: «دۇنيانىڭ قىسقىچە تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 684-بەت.

شۇنداق دۇنياۋى سەۋىيىدىكى ئالىملارنى مەدەنىيەت بايرىقى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇھىتىنى بارغانسېرى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، قالاقلىق، نادانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كىشىلىك خورلۇقىغا خاتىمە بېرىش بىلەن پارلاق كەلگۈسىنى ئاچىدۇ.

مىللىي مۇھىتىمىزنى ئالىدىغان بولساق، قاراخانىلارنىڭ تېررىتورىيىسىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، كېيىنچە ئىسلامىيەت پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋە شەرقنىڭ ئارىستوتېلى نامىنى ئالغان ئەبۇناسىر فارابى (837 — 950)، شاھى تىباۋەت ئەبۇ ئېلى سىنا (980 — 1037)، ئاسترونوم، تارىخشۇناس، كالېندارچى ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ رەيھان بورۇنى (972 — 1049)، يۇسۇپ خاس ھاجىپ (1008 — 1085)، مەھمۇت قەشقەرى (1030 — 1090) قاتارلىق دۇنياۋى ئىلىم چولپانلىرىمۇ XII ,X ئەسىرلەردە يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئىقتىدار ۋە مەدەنىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. «بۇ دەۋردە يېزا ئىگىلىك بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئولتۇراقلىشىش كۈچىيىپ، شەھەرلەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. ئاۋاتلاشقان شەھەرلەردىن قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، ئوترار، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ئىقتىساد، سودا، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك بەكمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. بولۇپمۇ قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نۇقتا بولۇپ، ئۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن دۇنياۋى شەھەرگە ئايلانغانىدى. قاراخانىلار شەرقتە سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى؛ غەربتە جەنۇبتا غەزنەۋىلەر، سالجۇقىلار ئارقىلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران بىلەن، غەربتە غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى» ①. بۇ چاغدا بۇ يەردە مەيدانغا كەلگەن كلاسسىك ئەسەرلەر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ جەۋھىرى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھالدا مەيدانغا چىققانىدى. بىز باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۆگىنىدىغان بولساقلا، قەدىمكى ۋە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىنى بىلىپ ئالالايمىز. بۈيۈك كلاسسىكىمىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت داھىيانە ئەسەر شۇ چاغدىكى دۇنيا سەۋىيىسىدە يۇكسەك ھەم پارلاق ئورۇن تۇتقان مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىغان بىلىملەر بۇلىقى بولۇپ، «نەسىھەتنامە»، «ماقال-تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەتنامە»، «ھەربىي تەبىرنامە»، «ئاسترونومىيە»، «قانۇن»، «ئۇتۇفىيە» ۋە شۇ زامان ئېتىبارىدىكى پەن بولۇپ شەكىللىنىپ بولالمىغان بىرمۇنچە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەرنى ئۆگەنسەك شۇ زاماننىڭ ئىلغار پىكرى ۋە بىلىملىرىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى راۋان ئانا تىلىمىز بىلەن ئۇگۇشلۇق بىلىپ ئېلىپلا قالماي، ئاجايىپ يۇكسەك بەدىئىي زوق ئېلىپ، مىللەتنىڭ شۇ چاقىچە بولغان پۈتكۈل تارىخىي پائالىيەتلىرى، ئىدېئولوگىيىسى، خاراكتېرى توغرىسىدا بىر پۈتۈن قاراشقا ئىگە بولىمىز.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىلار دەۋرىدىكى 7000 گە يېقىن ساپ تۈرك تىلى

① «XI ئەسىردە ئۆتكەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-بەت.

لۇغىتىنى ئەرەب يېزىقى ۋە ئەرەب تىلىدا ئىزاھلاپ، «تۈرك تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنلىرى بويىچە «بۆلۈم ۋە بابلار» غا ئايرىپ، ئوغۇز، قىپچاق، غۇز، ئارغۇ، ياغما، تۇخسى، ياباقۇ، چىگىل، قاي، چومىل قەبىلىلىرىنىڭ تىل شىۋىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ «ئومۇمىي تۈرك تىلى» بىلەن بولغان پەرقلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە ئوخشىماسلىق نۇقتىلىرىنى ئەمەلىي ياكى قىياسلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «ئومۇمىي تۈرك تىلى» غا ئورتاق بولغان مۇكەممەل بىر گرامماتىك قائىدىنى ئىشلەپ چىققان» ① ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلنىڭ مۇجەسسەمى بولۇپلا قالماستىن، شۇ چاغدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم-پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھاكىمىيەت-سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، قىسقىسى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن ئېنسىكلوپېدىيىدۇر. بۇ ئەسەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تۈركىي قەبىلىلەر ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى، تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ شۇ زاماندىكى قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئەللەرگە ئائىت جۇغراپىيىۋى مەسىلىلەر، ھەتتا ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى بولغان خەرىتىسىنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى، يىراق ئۆتمۈشىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق فورمىلىرىنى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇشىغا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، ھۈنەر-سەنئەت، شەھەر، قورغان قۇرۇش تېخنىكىسى، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرۈپ-ئادەت ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىكى كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش شەكىللىرىنى، كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى، «خاقانىيە تىلى» نىڭ فونېتىكىلىق، گرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە لېكسىكولوگىيىسىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ فونېتىكا، گرامماتىكا قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىنچام، ئاممىباب چۈشىنىپ ئالالايمىز ھەمدە بۇ ئاساستا پۈتكۈل مىللىي ھاياتىمىز ھەققىدە يېڭى تەسەۋۋۇر يۈرگۈزەلەيمىز.

بۇلارغا ئوخشاش خەنزۇ خەلقىنىڭ «تارىختنامە»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «پالنامە» لىرى، گرېكلەرنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسا» سى، نېمىسلارنىڭ «نىبېلۇنگ قوشىقى»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان قوشىقى»، ھىندىلارنىڭ «رامپانا»، «ماخاپىراتا»، پارسلارنىڭ «شاھنامە» لىرىنى ئوقۇغاندىمۇ ئاشۇ دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ تارىخى، تىلى، دىنىي ئېتىقادى، دۆلەت باشقۇرۇش ئەھۋالى، ئۆرپ-ئادىتى... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ھەققىدە باشقا ھېچقانداق ئەسەرلەر ئارقىلىق بىلىپ ئالغىلى بولمايدىغان مەلۇمات ۋە باشقا ئەسەرلەر ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولىمىز. شۇڭا، زۆرۈر بولغان بەزى بىلىملەرنى ئېلىش ئۈچۈن، بەزى ئەسەرلەرنى نىشانلىق ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك مەدەنىيەت قاتلىمىدا ئەگىپ يۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەمما، دۇنيا ۋە مىللىي مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى كلاسسىكلارنى ئۆگىنىشنى تالانت چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش دېگەنلىك، كلاسسىكلار، نوپۇزلۇقلارنىڭ پاراسىتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تاسقاپ قوبۇل قىلىش كېرەك دېگەنلىك بولىدۇكى، ھەرگىز ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن پاراسەت مەبۇدلىرىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش ياكى ئۆزىنىڭ ئىجادىي غۇرۇرىنى

① ئابلىمىت روزىنىڭ «ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›» دېگەن ماقالىسىدىن.

تۆۋەنلىتىش دېگەنلىك بولمايدۇ. چۈنكى، بىز-
نىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆگىنىشىمىز-
دىكى مەقسەت — ئالدىنقى قاتاردىكى
كلاسسىكلارغا دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتە بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاللىقانداق بىر ئىبقىمغا
چوقۇنماستىن، ئالدىنقى قاتاردىكىلەر دېگەننى
تۇرلۇك ئىبقىملار، ئىلمىي مەزھەپلەر هاسىل
قىلىۋاتقان ئومۇمىي سەۋىيە دەپ قاراپ،
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز-
لەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىمىزنىڭ
جەۋھىرى مەدەنىيەت ئىجادكارلىرىنىڭ قاتارىغا
كىرگۈزىدىغان ئەلا پىسخىكا هاسىل قىلىشتىن
ئىبارەت. بىزدە مانا مۇشۇنداق ھەم قوبۇل
قىلىدىغان، قوبۇل قىلغاندىمۇ جەۋھەرلىرىنى
قوبۇل قىلىدىغان، ھەم ھەرقانداق ئۆگىنىش
ۋە قوبۇل قىلىشلاردا ئۆزىمىزنىڭ غۇرۇرىنى يو-
قىتىپ قويمايدىغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئىجادى-
يەت پاراسىتىنىڭ سىپىگە بىز ئۆلگە ئالغان
كلاسسىكلار قاتارىدا تىزىلىدىغان روھ بولغان-
دىلا، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىپ باشقىلار بىلەن
تەڭلىشىش، كلاسسىكلارنى ئۆگىنىپ ئۆزىمىزنىڭ
كلاسسىكلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش نىشانىغا
يېتەلەيمىز. ھەر مىللەتتىن دۇنياغا تونۇلغان
دانايى-دانىشمەنلەر ۋە ئالىي پىكىرلىك جە-
سۇر ئەللامىلار ئەنە شۇنداق ئۇستازلىرىغا
ھۆرمەت قىلىدىغان، ئەمما ئۇستازىنىڭ سە-
ۋىيىسىدە توختاپ قالمايدىغان. ھەر خىل ئىلمىي
مەزھەپ، ئىبقىملارنى ئۆگىنىدىغان ئەمما
سەر خىل ئاساسنى قولدىن بېرىپ قويمايدى-
غان، مىڭلاپ كىتابلارنى كۆرۈپ باقىدىغان،
ئەمما مىللىي ئۇسلۇبىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆڭ-
لىنى بۆلمەيدىغان، ئۆزى ئاچقان ساھەدە
ھەر قاچان ئالغا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان، ئەمما
باشقىلار يېڭى يوللار ئاچسا ھەسەت قىلماي-
دىغان مۇنەۋۋەر پىسخىك قاراشنىڭ ۋەكىللىرى-
دۇر.

بىز مۇشۇنداق پىسخىك ئۆلگىلەر بويىچە
زامانىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى
ئىگىلىگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى
ھازىرقى زامان پاراسەت دۇنياسىنىڭ ئوقىدا
ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈش تەركىبلىكىگە ئىگە بولالاي-
مىز. ئالايلۇق، زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى بىزگە
خېلى تونۇشلۇق بولغان ئۆزى ھونگىر مىللىتى-
دىن بولۇپ ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالغان ماتېماتىك
ۋېنىر ئىجاد قىلغان تىزگىنلەش نەزەرىيىسى،
ئامېرىكىلىق سايرون ئىجاد قىلغان ئۇچۇر نەزە-
رىيىسى، ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئاۋستىريىلىك بىئولوگ
بېرتالانفى ئىجاد قىلغان سىستېما نەزەرىيىسىدىن
ئىبارەت ئۈچ نەزەرىيىنى ۋە بىز ئانچە تو-
نۇشلۇق بولۇپ كېتەلمىگەن بېلگىيە فىزىكى
پىرىگاۋگىن ئىجاد قىلغان ئۆپراش قۇرۇلمىسى
نەزەرىيىسى، گېرمانىيە فىزىكى گېرمان ھاكىن
ئىجاد قىلغان ھەمكارلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى،
فرانسىيە ماتېماتىكى رېنىي توم ئىجاد قىلغان
ئۆشتۈمتۈت ئۆزگىرىش نەزەرىيىسىنى زامانىمىز-
نىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرى ھېسابلايدۇ. بىز بۇ
مەدەنىيەت جەۋھىرىنى ئىگىلىگەندە، ھازىرقى
دۇنيا پاراسەت مەركىزىگە كىرىپ كېلەلەي-
مىز، ئۇنى تەتبىقلاش دەرىجىسىگە يەتكەندە
بولسا، ئىجادىيەت پاراسىتىمىزنى يېڭى دۇنيا-
نىڭ نەلىپىدىكى ئىجادىي پائالىيەتلەرگە
تەڭشىيەلەيمىز.

چۈنكى، ئالدىنقى ئۈچ نەزەرىيە دۇنيانىڭ
ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىر گەۋدە
قىلىش يۆلىنىشى بويىچە تەبىئىيغا چىققان بو-
لۇپ، پۈتكۈل پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا سەك-
رەتمە ھاسىل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا
شۇ ياققىچە كەشىپ قىلىنمىغان سىستېما ئۇسۇ-
لى، فۇنكسىيىنى مودېللاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇچۇر
ئۇسۇلى ۋە قايتۇرلاش ئۇسۇلى قاتارلىق دۇنيا-
نى بىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرى بارلىققا كەل-
دى (بۇ ئۇسۇللار بەنە سىستېما ئىلمىي ئۇ-
سۇللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بۇلار زامانىمىزدىكى
پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى كۆپ ئەگ-
رى يوللارنى قىسقارتتى ۋە ئەقلىي ئەمگەكچى-
لەرنى ناھايىتى كۆپ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلدۇر-
دى.

سىستېما، ئۇچۇر ۋە تىزگىنلەش نەزەرىيە-

لىرىنىڭ ئورتاق ئوبيېكتى تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېمىلار بولۇپ، بۇلار قۇرۇلۇش سىستېمىسى، ئادەم-مېخانىزم سىستېمىسى، جانلىقلار سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت سىستېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇچۇر نەزەرىيىسى ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۇچۇرلارنى ئۆلچەش، يەتكۈزۈش، ئالماشتۇرۇش، ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىشنى، يەنى ئالاقە ۋە تىزگىنلەش سىستېمىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋە قوبۇل قىلىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ تىزگىنلەش نەزەرىيىسى ئاپتوماتىك تىزگىنلەش، ئېلېكترون تېخنىكىسى، ئالاقە نەزەرىيىسى، نېرۋا بىئولوگىيىسى، ماتېماتىكا لوگىكىسى، ستاتىستىكا مېخانىكىسى قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا تۈرلۈك سىستېمىلارنىڭ تىزگىنلەش ۋە تەڭشەش مېخانىزمىنى، يەنى قانداق قىلىپ ئەڭ ئاز ئۇچۇر بىلەن تىزگىنلەش ۋە تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئەلا ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ سىستېما نەزەرىيىسى بارلىق سىستېمىلارنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسى، پرىنسىپى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان نەزەرىيىدۇر. ئۇ ئىككى لىنىيە بويىچە بارلىققا كەلگەن. بىرىنچىسى، جانلىقلار مېخانىزمىنى بىلىش جەريانىدا ئومۇمىي سىستېما نەزەرىيىسىنى غولغۇلا قىلىپ شەكىللەندۇرگەن، ئىككىنچىسى، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئەمەلىيىتىدە ئىستىمال سىستېما نەزەرىيىسى — سىستېما قۇرۇلۇشىنى غولغۇلا قىلىپ شەكىللەندۇرگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى — تۈرلۈك سىستېمىلارنىڭ ئورتاق ئۆزگىچىلىكى ۋە ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، سىستېمىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلار تۇرغۇزۇلۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئۈچ خىل ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن سىستېما ئىلمىي ئۇسۇللىرى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننىڭ بىر گەۋدە بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، سىستېمىلارنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، سىستېمىلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىش قابىلىيىتىنى ئەللاشتۇرۇش جەھەتلەردە غايەت زور كۈچەيتكۈچ تەسىرگە ۋە ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

سىستېما ئىلمىي ئۇسۇللىرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ جىددىي بۆلۈنۈشى كەلتۈرۈپ چىقارغان توساقلارنى خۇددى قىيا تاشلارنى تېشىپ ئۆتىدىغان ئۇشكىدەك تېشىپ مېڭىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىنى بىرمۇنچە ئەگرى يوللارنى مېڭىشتىن قۇتۇلدۇردى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ ئۈچ خىل نەزەرىيە بىلەن قوراللانغاندا، ئۇلار تۇرمۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلاردا بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىكىر قىلىشنى قوزغاشقا، تەپەككۇر ئەندىزىلىرى ۋە تەپەككۇر بېكىنمىچىلىكلىرى شەكىللەندۇرگەن «ئۇچۇر قورغانلىرى» غا كىرىشكە ياردەم بېرىدۇ؛ سىستېما نىشانى يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ ئەلا لايىھىسىنى تاللاشقا، شەيئىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئاساس بويىچە جاھان ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشكە ھەمدە ئۆزىنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكىنى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۆۋەن سەرپىيات بىلەن يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىدۇ.

ئالدىنقى ئۈچ نەزەرىيە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر تەرەققىياتىغا تونېل تېشىپ يول ئاچقان بولسا، كېيىنكى ئۈچ نەزەرىيە يېڭىدىن مەيدانغا كېلىدىغان پاراسەتلەرنىڭ ھاڭلاردىن ئۆتۈشىگە كۆۋرۈك قويۇپ بەردى. بۇلار نۇرغۇنلىغان پەنلەرنىڭ چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر نەزەرىيىنى مىسلىسىز يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئىلىم-پەن نەزەر دائىرىسىنىڭ قاراش دائىرىسى، كۆزىتىش كۈچى ۋە ئالدىن كۆرەرلىكىنى زور قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. قىسقىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى جەڭگىۋارلىق كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغان دەرىجىدە چوڭ تەسىر كۆرسەت-

تى.

ئۇيراش قۇرۇلمىسى نەزەرىيىسى تېرمودى-
نامىكا بىلەن دارۋىننىڭ تەدرىجىي ئۆلگىرى-
لەش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئومۇ-
مىي بولغان نەزەرىيىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
ئېچىۋېتىلگەن سىستېمىنىڭ تەرتىپسىز ھالەتتىن
تەرتىپلىك ھالەتكە ئۆزگىرىش مەسىلىسىگە
جاۋاب بەردى. بۇ نەزەرىيە ئېچىۋېتىلگەن
سىستېما تاشقى شارائىت بەلگىلىك ئالاھىدە
كىرتىك قىممەتكە يەتكەندە ئۆرلەش ۋە پە-
سىيىش ئارقىلىق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش ياساپ،
كىيدىرماش ھالەتتىن مۇقىم ھەم تەرتىپلىك
بولغان بىر خىل ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، يەنى
ئالاھىدە شارائىتتا، ئەگەر سىستېما تەڭپۇڭ
ھالەتنى يوقىتىپ قويسا، سىستېمىنىڭ غەيرىي
سىمېترىك خاراكتېرى ئۆرلەش ۋە پەسىيىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەرقاچان يۈز بېرىدىغان
مانا مۇشۇنداق ئۆرلەش ۋە پەسىيىش
سەۋەبىدىن، تېخىمۇ ئۇستۇن سەۋىيىدىكى
مۇقىملاشقان تەرتىپلىك قۇرۇلما ھاسىل بولىدۇ،
دەپ قارىدى. ئۇيراش قۇرۇلمىسى نەزەرىيىسى-
نىڭ بۇنداق قارىشى ئالەمدىكى ھەممە
شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋە ھالاك بو-
لۇش، بىللە تۇرۇش ۋە بىرى-بىرىنى ئۇيرۇ-
تۇش، بىرى يوقالسا يەنە بىرى ئۆسۈپ بې-
رىش، بىرى ئىلگىرىلىسە يەنە بىرى چېكىنىپ
تۇرۇشتەك ئايلىنىشنىڭ مېخانىزمى، شەرتى ۋە
قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەنلىكتىن، ئەنئە-
نىۋى بولغان «مۇقىملىقنى ساقلاش» شەكى-
لىدىكى قاتمال تەپەككۇر ئەندىزىسىنى بۇزۇپ
تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ نەزەرىيە فىزىكا،
خىمىيە، بىئولوگىيە، دېھقانچىلىق ئىلمى، يەر
ئىلمى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، ھەتتا پەلسەپە،
تارىخ، پېداگوگىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىق-
تىساد تەتقىقاتىدىمۇ تەتبىقلىنىپ زور مۇۋەپپەقىيە-
تلەرگە ئېرىشىش بىلەن كىشىلەرنىڭ نە-
زەرىگە تۇرلۇك پەنلەرنى ئالغا سۈرىدىغان
پىشاڭ سۈپەت كۆرۈندى.

ھەمكارلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇخشاي-
دىغان تۈرلۈك سىستېمىلار (تەبىئەت سىستېمى-
لىرى ۋە جەمئىيەت سىستېمىلىرى) بەلگىلىك
تاشقى شارائىت ئاستىدا، سىستېمىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى تارماق سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدا
غەيرىي سىزىقلىق ئۆزئارا تەسىر پەيدا قىلى-
غان ھەمكارلاشتۇرۇش ئېففېكتى ئارقىلىق تەر-
تىپسىز ھالەتتىن تەرتىپلىك ھالەتكە، تۆۋەن
دەرىجىلىك تەرتىپلىك ھالەتتىن يۇقىرى دەرى-
جىلىك تەرتىپلىك ھالەتكە، شۇنداقلا تەرتىپ-
لىك ھالەتتىن يەنە تەرتىپسىز ھالەتكە ئۆز-
گىرىش مېخانىزمى ۋە قانۇنىيىتى ئوخشاش بولى-
دۇ دېگەن نەزەرىيىنى ئېچىپ بەردى.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ
نەزەرىيە تۈرلۈك پەنلەرنىڭ سىستېمىسى تۈر-
لۈك بولسىمۇ، بۇ پەنلەر ۋە پەنلەرنىڭ
سىستېمىلىرىنىڭ خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئوخشاش
بولمىسىمۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تەرتىپسىزلىكتىن
تەرتىپلىككە ئۆزگىرىشتىكى مېخانىزمى ئوخشاپ
كېتىدۇ، ھەتتا ئورتاق قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ،
دەپ قارىدى. بۇنداق بىلىش ئۇسۇلى كىشى-
لەرنىڭ بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىنى
ئويلاش، ئوخشاشلىقنى تېپىپ قىيىن مەسىلە-
لەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە
تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، بىلىنگەن ساھەلەردىن
بىلىنمىگەن ساھەلەرگە يۈرۈش قىلىپ، پارا-
سەت بايلىقلىرىنى كۆپلەپ قولغا كەلتۈرۈشكە-
گە، ئوخشىمايدىغان پەنلەر ئىبرى-بىرىدىن
ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلھام ئېلىشقا
ياردەم بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ نەزەرىيە
مەيدانغا كېلىپ ئۇزاققا بارمايلا كىشىلەر ئىك-
كى قۇتۇبلۇق لامپىنىڭ خىزمەت قانۇنى، يۇلتۇز
قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى، يۇلتۇزلار ئىچىدىكى
غەيرىي تەكشۈكلۈك ئۆزگىرىش، يۇلتۇزلارنىڭ
شەكلى ۋە كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى، مورفولو-
گىيىلىك شەكىلنىڭ پەيدا بولۇشى، جامائەت
پىكرىنىڭ شەكىللىنىشى، خىمىيىلىك رېئاكسىيە
جەريانىدىكى زامان-ماكان لايىھىسى، جانلىق-
لارنىڭ رىقابەتلىشىشى ۋە تاللىنىشى، نېرۋا
ھۆججەيرىلىرى، نورى ۋە سەزگۈ تەسىرى،

# پەن-تېخنىكا گۈزەللىكىنى توغرا تونۇش توغرىسىدا

سەنئەت ھوشۇر

گۈزەللىك ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى مەنىۋى گۈل بولۇپ، بۇ گۈلنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى ئېچىلدۇرۇش ھەربىر خەلقنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى زامان ئېتىبارىدا قولغا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. زامانىمىز ئادەمنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى، مىجەز-خۇلقى، بىلىم ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئىچكى گۈزەللىك تەربىيىلىنىشى بىلەن ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى، بەدەن تۈزۈلۈشى، تەققى-تۇرقى، سالاپىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، كىيىنىش-ياسىنىشى جەھەتلەردە تەربىيىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى ئادەم گۈزەللىكىدە يېڭى تەلەپلەر قويۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەللىك سېزىمىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپ كېلىۋاتقان جىسمانىي ئەمگەك گۈزەللى-

شۇنداقلا نوپۇس دىنامىكىسى، توپلىشىپ ياشىغۇچىلار دىنامىكىسى، ئېكولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ساھەلىرىدىكى بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئالدى.

ئۆشتۈمتۇت ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى سان-سۈپەت ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بىر ماتېماتىكا مودېلى بولۇپ، ئۈزۈلۈپچان ئۆشتۈمتۇت ئۆزگىرىش ھادىسىنى بايان قىلىش بىلەن كىشىلەرنى سان-سۈپەت ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق ۋە چوڭقۇر بىلىشكە ئىگە قىلدى. ھەممە سىستېمىنىڭ بىر خىل مۇقىم ھالەتتىن يەنە بىر خىل مۇقىم ھالەتكە سەكرىشى ئۈچۈن پۈختا ماتېماتىكىلىق نەزەرىيە تۇرغۇزدى. بۇنىڭ بىلەن يامان سۈپەتلىك ئۆشتۈمتۇت ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شەيئىلەرنىڭ ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇ نەزەرىيە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، كېمە-پاراخوت قۇرۇلۇشى، ئاقما جىسىملار گېئومېترىيىسى، ئېلاستىكىلىق قۇرۇلما، تېرمودىنامىكا، لازېر نۇر نەزەرىيىسى، ئۆز ئارا ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى، بىئولوگىيە، تىبابەت، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەڭرى قوللىنىلىپ، كىشىلەرنىڭ پاراسىتىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتىشتىكى كۈچلۈك قورال بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دۇنيا ۋە مىللىي كلاسسىكلارنى ئۆگىنىشنى ئىجادىيەت پاراسىتىنى ئۇرغۇتىدىغان تالانت چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىراق، بىلىم ئېلىش تالانتىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بولغانلىقتىن، كلاسسىكلارنىڭ مەزمۇنىنى زامان تەلىپىدە ئىجادىي ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز ۋە شەيخ سەئدىنىڭ مۇنۇ ھېكمىتىنى دىلىمىزدا زىكرى قىلىپ تۇرۇپ ئىشلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە:

ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ ئۆگەن،
مۇبادا ئىشلەتمىسەڭ نادانسەن.
ئەمەسسەن نا ئالىم نە بىر دانىشمەن،
تۆت پۇتلۇق ئۇلاغسەن، كىتاب يۈكلەنگەن.
ئۇ بىر مېڭىسىزكى، ھېچ بىخەۋەر،
بىلمەس ئۈستىدىكى ئوتۇنمۇ، دەپتەر.①

كى، ئىجتىمائىي مەسئۇلاتلار گۈزەللىكى، تۇر-
مۇش مۇھىت گۈزەللىكى جەھەتلەردىمۇ يېڭى
تەلەپلەر قويۇپ، ھەممىمىزنى گۈزەللىك تۇي-
غۇسىنى ئۇستۇرۇشكە، بولۇپمۇ ئۇنى ماھىيەت
جەھەتتىن بىلىشكە قىستىدى. بىز گۈزەللىكنى
ماھىيەت جەھەتتىن بىلىشتە قانچە يۈكسەك
بولساق، ماھىيەت جەھەتتىن ئىنىقلانغان گۈ-
زەللىككە ئىنتىلىشتە قانچە كۈچلۈك تەقەززالىقتا
بولساق، قالاقلىق قالپىقىنى چۆرۈشتە شۇنچە
سەزگۈر بولۇپ، تەرەققىيات يولىدا كۆزلىگەن
غايىۋى نىشانلارغا شۇنچە تېز يېتىپ بارىدىغان
جەڭگىۋار پسىخىكىغا ئىگە بولغان بولىمىز. ئۇن-
داق ئىكەن، گۈزەللىك نېمە ۋە ئۇنىڭ ماھى-
يىتىچۇ؟

### 1. گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى

گۈزەللىك دېگەن نېمە؟ ئۇ ماددىي بو-
لامدۇ؟ مەنىۋىي بولامدۇ؟ ياكى ماددىيلىق
بىلەن مەنىۋىيلىكنىڭ بىرىكمىسىمۇ؟ گۈزەللىك
ھەر كۈنى ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلىشى بويىچە
سۆزلەپ تۇرىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئەمما،
ماھىيەت جەھەتتىن ئۇنى بىلىپ يېتىدىغان-
لار ئاز ياكى بۇ ھەقتە كىشىلەرنىڭ بىلىدى-
غانلىرى ئاز بولۇپ، خۇددى سفىنكس تېپىشما-
قىغا ئوخشايدۇ. سفىنكس يۇنان ئەپسانىسىدى-
كى شىر تەنلىك ئادەم يۈزلۈك بىر جادۇگەر
بولۇپ، ئۇ بىر يول بويىدىكى دۆڭدە ئولتۇرۇپ،
يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەرقاندىقىدىن بىر تې-
پىشماق سورايدىكەن: تۆت پۇتلۇق بىر نەر-
سە بار، بەزىدە ئۈچ پۇتلۇق، بەزىدە ئىككى
پۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ، بۇ نېمە؟ كىمكى بۇ
تېپىشماقنى تاپالمىسا، ئۇنى پارا-پارا قىلىپ
تاشلايدىكەن ياكى يۇتۇۋېتىدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن يولۇچىلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر تېپىشماق-
نى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەم بولۇپ
كېتىدىكەن. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم بۇ تېپىشماقنى
تېپىپ ئاپەتتىن قۇتۇلالمايدىكەن. گۈزەللىك
مانا ئاشۇنداق ھەممە كىشىلەرنى يولدىن
ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان، ئەمما سىرىنى ئاشكارى-
لىمايدىغان تېپىشماق بولغانلىقتىن، نەچچە مىڭ
يىللىق جەريانىدا، يۇناننىڭ ئەپلاتون، ئارس-
توتىلدەك گىگانت ئالىملىرىدىن تارتىپ ئادەتتى-
كى سەنئەتكارلارغىچە كۆپلەپ ئادەملەر ئۇ-
نى ئۆزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ كەلدى. ئەم-
ما، گۈزەللىك ئىلاھىسى بۇ كىشىلەرنى ئەخ-
مەق قىلىپ، ھېچقايسىغا ئۆزىنى ئۇتتۇرمىدى.
ئۇ بەزى-بەزىدە شۇنداق يېقىملىق تەبەس-
سۇم بىلەن، ھەتتا ئىشق-مۇھەببەت بىلەن
كىشىلەرگە قاراپ قويىسىمۇ، ئەمما، بەدئىيات
ئالىملىرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندا، ئۇنى تەتقىق
قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەققىي تەبىرلىرىنى سورى-
غاندا، ئۇ كۈلۈپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. چۈن-
كى، ئۇلار ئۆز زامان ئىتىبارى بىلەن شۇنچە
دانىشمەن كىشىلەر بولۇپ تۇرۇقلۇق، بەزىلىرى
گۈزەللىكنى ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن،
بەزىلىرى مەقسەت جەھەتتىن، بەزىلىرى
مەنپەئەت جەھەتتىن، بەزىلىرى قورۇلما
جەھەتتىن، بەزىلەر ماددىي جەھەتتىن،
بەزىلىرى مەنىۋىي جەھەتتىن، بەزىلىرى
كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تاشقى كۆرۈنۈش
جەھەتتىن بىر تەرەپلىمە تەبىرلەپ، گۈزەل-
لىكنى ئومۇمىي قىياپەت جەھەتتىن، ماھىيەت
جەھەتتىن ئىچىپ بېرەلمىگەنىدى. پەقەت
18-ئەسىرگە كەلگەندە نېمىس ئەدىب ۋى-
رىكمان «گۈزەللىك — تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ
سىرلىرىدىن بىرىدۇر» دېگەن ھۆكۈمنى
چىقاردى-دە، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى تونۇ-
شىدا سەكرەش پەيدا بولدى. ئاساسلىقى
ھەيۋەتلىك تەبىئەت مەنزىرىسى بولمىسا، ئۇ-
نىڭغا زوقلىنىپ دولقۇنلىنىدىغان قەلب ھاسىل
بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداق مەنىۋىي قەلب
بولمىسىمۇ، ھەيۋەتلىك تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ
ھېس قىلىنمايدىغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن گۈزەل-
لىك دېگەننىڭ ماددىي ھەم مەنىۋىيلىكنىڭ
بىرلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

نېمىشكە كىشىلەر گۈزەللىكنى ماھىيەت
جەھەتتىن ئىگىلەشتە شۇنچە قىينىلىپ كەت-

تى؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، گۈزەللىكنىڭ
كۆپ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى، گۈزەللىكنىڭ
ئورتاقلىقىنى يوشۇرۇپ قالغان. گۈزەللىكنى تو-
نۇش جەھەتتىكى سوبيېكتىپ تەسىرىنىڭ نىس-
بىيلىكى، پەرقلىق بولۇشى گۈزەللىكنىڭ ئوبيېك-
تىپلىقىنى يوشۇرۇپ قالغان. گۈزەللىكنى سۆيۈش
ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئۇرغۇپ تۇرغان بى-
لەن، ئەلا مۇھىم نەرسىنى ناھايىتى زور
بەدەل تۆلەپ قولغا كەلتۈرۈش قانۇنىيىتى ك-
شىلەرگە گۈزەللىكنى ماھىيەتتىن تونۇشقا ئىلھ-
ھام بەرگەنۇ- دەماللىققا ئۇلارنىڭ دىلىغا زاھىر
بولمىغان. شۇنداق بولغاچقا، گۈزەللىكنى ئېچىپ
بېرىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن مەشھۇر ئادەملەر-
نىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك ئۇزاق سەپەرلەرنى
قىلغان، نەچچە خىل تىل ئۆگىنىپ مەدەنىي
مىللەتلەرنى چۆشەنگەن، گۈزەللىك قوغلىشىپ
يۈرۈپ نەچچە خىل پەن ساھەسىدە ئاجايىپ
مۆجىزىلەرنى ياراتقان. بۇنداق جاپاكەش
ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلى،
پەلسەپە، پەن-تېخنىكا، مۇزىكا، ئۈيمىگەر-
لىك، رەسساملىق، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللى-
نىپ، گۈزەللىك ئەپسانە، رىۋايەتلەردىكى
«جەننەت» تىن ئادەملەر ئارىسىغا كېلىپ،
سەنئەت بىلەن پەن بىرلىكتە خۇددى ئىن-
سانلار ئارىسىدىكى بارلىق رەزىل مەرەزلەرنى
ئوپېراتسىيە قىلىدىغان پىچاققا ئايلانغان. تەبى-
ئىيەت بىلەن ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ جەمئىيىتى-
دە يۈز بەرگەن بۇنداق ئۆزگىرىلەش كىشى-
لەرگە «ھە، مۇنداق ئىكەن، گۈزەللىك
دېگەن پاك تۇرمۇش ئىكەن» دېگەن تۇيغۇ-
نى بەرگەن.

دېمەك، گۈزەللىك ئەنە شۇنداق قىزىق-
چىلىقى بىلەن كىشىلەرنى مايىل قىلىپ ماڭ-
غان. كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈ-
رۈپ، «خەپ-توختاپتۇ، سېنى قولۇمغا كەل-
تۈرمىسەم ئۇنىمايمەن» دېگەندەك قىلىپ،
ناھايىتى زور شىجائەت بىلەن ئىزدىنىپ بۇ-
گۈنكى كۈنگە كەلگەندە، «گۈزەللىك ئادەم-
نىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئوبيېكتىپلاشتۇرۇلۇ-
شى» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. كىشىلەر
«ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئوبيېكتى
دۇنيانى يارىتىش» قا قاراپ يۈزلەنگەن. مار-
كىس مۇنداق دەيدۇ: ئادەم «ئۆزى ياراتقان
دۇنيادا ئۆزىنى بىۋاسىتە كۆزىتىدۇ». بىز
ماركسىزمدىن ئىبارەت دۇنياۋى مەنىۋى قو-
رالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىزدە ۋىنكىلمان،
ئىممانۇئېل كانت، گېگېل، بېلىنسكى، چېرنىشېۋس-
كى ۋە باشقا كاتتا ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى
تېخىمۇ تەرتىپكە چۈشتى ۋە چوڭقۇرلاشتى. بىز
گۈزەللىك ھەققىدە ھەقىقىي بىلىشكە قاراپ
يۈزلىنىپ، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى
ئىپادىلەيدىغان ئوبيېكتلار گۈزەل بولىدۇ دې-
گەن قاراشقا ئىگە بولدۇق. مەيلى تەبىئەت،
ياكى جەمئىيەت، ۋە ياكى سەنئەت ساھە-
سىدىكى بارلىق گۈزەل ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى
ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك ئوبرازىنى ئەكس ئەت-
تۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق.

ئۇنداق ئىكەن، «ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك
كۈچى» دېگەن نېمە؟

ئۇ ئادەمنىڭ ئەركىن ئىجادىي پائالىيىتى-
دۇر. كونكرېت ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئەركىن
ئىجادىي پائالىيىتى «چىنلىق» بىلەن باغلى-
نىدۇ. ئىجادىيەت چىنلىق بىلەن باغلىنىدى-
كەن، ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىگە
ئۇيغۇن كېلىشى، ھەم ئادەم بىلەن ماددا
ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەت مۇناسىۋىتىگە ئۇي-
غۇن كېلىشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر
چاغدا، ئادەمنىڭ مەقسەتلىك بولغان ئىجادىي
پائالىيىتى يەنە «ياخشىلىق» بىلەن باغلى-
نىدۇ. ئۇ ھەم ئىنسانلار ئەمەلىيىتىنىڭ ئوبيېك-
تىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشى، ھەم ئىجتىما-
ئىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىلغارلىققا
ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ھالبۇكى،
«چىنلىق» ۋە «ياخشىلىق» بىلەن زىچ
باغلانغان ئادەمنىڭ ئەركىن ئىجادىي پائالىيى-
تى ئادەملەرنىڭ ئورتاق ماھىيىتى ئىنسانىيەت-
نىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى، پاراسىتى، ئىقتىدا-
رى، ئىدىيىسى، پەزىلىتى، ھېسسىياتى جە-

ھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئوبيېكتلىشىشى دېگەنچ؟

بۇ — ئادەمنىڭ ئەركىن ئىجادىي پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدىغان ئىجادىيەت ئىقتىدارى، پاراسىتى، ئىدىيىسى، پەزىلىتى، ھېسسىياتى قاتارلىق ماھىيەتلىك كۈچلەرنىڭ ئىنسانلار ئەمەلىيەت ئوبيېكتلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان بارلىق مەھسۇلاتلىرىدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت ئوبيېكتى، ئىنسانلار ئىجاد قىلغان بارلىق مەھسۇلاتلاردا ئادەمنىڭ ئەركىن ئىجادىي پائالىيىتىنى ئىپادىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، پاراسىتى، ئىدىيىسى، پەزىلىتى، ھېسسىياتى قاتارلىق مەھىيەتلىك كۈچ ئىپادىلىنىدۇ، مانا بۇلار ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئوبيېكتلىشىشىدۇر.

دېمەك، گۈزەللىك تەبىئەتتىن باشلىنىپ مەھسۇلاتقا بارغۇچە ئادەمنىڭ قەلبى ھەم قەلب ئەركىنلىكى ھاسىل قىلغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ، پۈتكۈل جانلىق جاھاننى ئۆزىدە ئېلىپ يۈرىدىغان بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. بىز تەبىئەت گۈزەللىكىدىن، ئىنسانىيەتكە ياشاش ئىمكانىيىتى بەرگەن قۇياش سىستېمىسىدىكى پىلانېتلار، تاغ-دەريالار، دېڭىز-ئوكيانلار، كۆل-گىياھلار، ئۇچار-قۇشلار» نى كۆرۈپ، ئۇلاردىكى گۈزەللىك، يورۇقلۇق، رەڭدارلىق، گەۋدىلەرنىڭ مۇناسىپ قوشۇلۇشىدىن «پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل» ھە دېگەن خۇشاللىققا چۆمىمىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىپ ياشاش ئارزۇسىغا ئىگە بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىزدە ئىجادىي سەكرەش ھېسسىياتى قوزغىلىپ، تەبىئەتكە لازىمەتلىك نەزىرى بىلەن، ئۇلاردىكى گۈزەللىك بىلەن ئۆزىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىنى باغلايدىغان كۆزقاراش تۇغۇلىدۇ-دە، ئىجتىمائىي پائالىيەتكە كىرىشىمىز. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي گۈزەللىك — ئىنسانلار تۇرمۇش گۈزەللىكى — تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت گۈزەللىكى شەكىللىنىدۇ ۋە بۇنداق ئۆزگەرتىش كۈرىشى داۋامىدا مەنىۋى پەزىلەت گۈزەللىكىگە ئۆتىمىز. ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن بەدىئىي گۈزەللىك ئېگى دېگەن ئەنە شۇدۇر.

چۈنكى، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ ئوبيېكتلىشىشى پەقەت ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئەمەلىيىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئەمگەك سۇبيېكتقا ئوبيېكتنى ھازىرلاپلا بەرمەستىن، ئوبيېكتقا سۇبيېكت ھازىرلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئەمگەك ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىمۇ يارىتىدۇ، تەبىئىي شەكىللەرنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەدىنىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەللىككە مەھلىيا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئوقۇلغان مەذھىيىلەردۇر. بۇنداق ئىكەن، گۈزەللىك ئالدى بىلەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئىلىم-پەن گۈزەللىكىدۇر.

## 2. پەن-تېخنىكا گۈزەللىكى

ئىلىم-پەن گۈزەللىكىدە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە تۈزەشكە پاتىدىغان ئىجتىمائىي ئىنقىلاب گۈزەللىكىنى تونۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈزەللىكىنى تونۇش كىشىلەرگە ئوڭايغا چۈشسىمۇ، پەن-تېخنىكا گۈزەللىكىنى تونۇشتا تولىمۇ كېچىكىش بولدى. يېقىنقى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدىكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن تەجرىبىلەر ئاساسىدا، بولۇپمۇ پاسكال، ھېيسېنبورگ، ئېينشتېين، دىراك قاتارلىق ئالىملار ئىلىم-پەن نەزەرىيىلىرىدىكى گۈزەللىك قىممەتلىرىنى بايقاپ ئېلىپ، تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىستېتىكا ئىلمىنى

بىرلەشتۈرۈپ ئىش كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلغاندىن كېيىن، پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكىلەر پەن-تېخنىكا گۈزەللىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ئەمما، بۇنىڭغا ئېستېتىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشى پاسسىپ بولدى. بۇنداق كېچىكىش ئاساسلىقى ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى تەتقىقاتتا ناھايىتى چوڭقۇر قاتلاملارغا كىرىپ كەتكەنلىكتىن، پەن-تېخنىكىنى چوڭقۇر چۈشەنمىگەن كىشىلەر، ھەتتا ئېستېتىكا ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارمۇ پەن-تېخنىكىدىكى مۇنداق چوڭقۇرلۇق، گۈزەللىكنى بىلىپ يېتەلمەي، گۈزەللىكنى پەقەت ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق بەدىئىيات ساھەسىگە تەئەللۇق قىلىۋەتكەنلىكتىن بولغانىدى. پەن-تېخنىكىدىكى گۈزەللىكنى ئۇ ھاسىل قىلغان مارجاندەك گۈزەل بىنالار، ئۇچار قۇشلاردەك گۈزەل ئايروپىلانلار، كۆزنى چاقنىتىدىغان مەرمەر چىراغلار، بېلىق سۈرەتلىك پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ تۇرۇپمۇ ئېتىراپ قىلمايدىغان بۇنداقى جاھىللىق ئەمدى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. پەن-تېخنىكا ئېستېتىكىسى ئىدىيە جەھەتتىن كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ ئەزىزىدىن ئۆتۈپ تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. بۇ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىقلاش جەھەتتە تولىمۇ قىممەتلىك بىر قەدەم بولدى. مۇشۇ كۆزقاراش بويىچە كۆزەتكەندە، ھەقىقەت شۇكى، پەن-تېخنىكا گۈزەللىكى بىلەن ئېستېتىكا زىچ بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئىنسانىيەتكە زور ۋۇل بولغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجادىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئېيتىشىمىزدىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى گۈزەللىكنى يارىتىشقا تېخىمۇ كۆپ يېڭى ساھەلەرنى ئاچتى

پەن-تېخنىكىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى ئۆسۈپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتىكى ئىقتىدارى ئۆسكەنسېرى ئېستېتىكىنىڭ ئوبيېكتى كۈنسېرى كۆپىيىپ ئېستېتىكىنىڭ دائىرىسى كۈنسېرى كېڭىيىپ بارىدۇ. كۆپلىگەن ئوبيېكت ۋە ئوبيېكتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى قەدەممۇ قەدەم كىشىلەرنىڭ بايقاش دائىرىسىگە كىرىپ گۈزەللىك ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ئالايلۇق: كومپاس ۋە تېلىسكوپ كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەر يەر شارىنىڭ يۆنىلىش، قۇتۇپلىرى، ئايلىنىش توغرىسىدا تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ ماھىيەتلىك قاراشقا ئىگە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتقا نىسبەتەن ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بىز تېلىسكوپنىڭ ياردىمى بىلەن كۆز بىلەن قارىغاندا تۇماندەك كۆرۈنىدىغان ئاسمان جىسىملارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، سۈنئىي ھەمرانىڭ ئوربىتىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىش، سەييارىلارنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش، قۇياش سىستېمىسىنىڭ تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى ئايلىنىش قاتلام قاتلام، تەرتىپلىك، گارمونىيە ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىپايان چەكسىز ئالەمنىڭ ئەسلىدە ئاجايىپ رەڭدارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مىكروسكوپ بىلەن كۆزەتكەندە، مىكرو دۇنيادىكى مەيدان، ئىئون، ئاتوملارنىڭ ئورۇنلىشىشى خۇددى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنىدۇ، مىكرو دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، جەزىبدارلىقى تەسىرلىك ھېكايە ۋە رىۋايەتلەر ئورنىنى باسالمايدىغان تەبىئىي گۈزەللىك ئەمەسمۇ؟

ئىنسانلار ئىلغار پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ سۈنئىي ھەمرانى، ئالەم كېمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىپ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئۇلۇغ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ، ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك كۈچىنىڭ شانلىق نامايەندىسى، بۇلار كىشىلەرنىڭ ئېستېتىكا دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم كېمىسىنىلا ئالەم بوشلۇقىغا ئۇچقان چاغدىكى ھەي-

ۋەتلىك ھالىتى، خەۋەر سىگناللىرىنىڭ دەللە-
كى، يەر يۈزىگە ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان
بويىچە يېتىپ كېلىشىدەك تەسىرلىك مەنزىرىلەر
كىشىدە قانداقمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى قوزغاتما-
سۇن؟ مانا مۇشۇنداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە
گۈزەللىكتىن ئەجدادلىرىمىز بەھىر ئېلىشقا مۇ-
يەسسەر بولالمىغانىدى. سۈنئىي ھەمراھ ۋە
ئالەم كېمىسى ئارقىلىق بىز ياشاۋاتقان يەر
شارى ۋە بىپايان ئالەم توغرىسىدا تەساۋۋۇرى-
مىز يەتمىگەن گۈزەللىكنى كۆرگىلى بولىدۇ.
بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھازىرقى زامان
پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئالەم ئارا ئۇ-
چۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ
كۆپىنچىسى ئالەم بوشلۇقىدا ھاۋا بوشلۇقىدىكى
تا ھازىرغىچە بىلىۋېلىنمىغان ئاجايىپ مەنزىرى-
لەرنى بايقاش ئۈستىدە بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق
ئىنسانلارنىڭ ئېستېتىك نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ
كېڭىيىدۇ، ئېستېتىك ئوبيېكت تېخىمۇ موللىشىدۇ.

2. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ
تەرەققىياتى سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ يارىتىلىشى-
نى يېڭى ۋاستىگە ئىگە قىلدى.

ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تە-
رەققىياتى سەنئەتنىڭ ماددىي ئىپادىلىنىش
ۋاستىسى ۋە تارقىتىش قوراللىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز
ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ سەنئەت
تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.
مەسىلەن: كىنوچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيا-
تى كىنودىن ئىبارەت بۇ خىل سەنئەت
شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. تېلېۋىزىيە
تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تېلېۋىزىيە
نومۇرلىرى مۇتلەق كۆپ ئائىلىلەردە ئومۇملاش-
تى، تېلېۋىزور ۋە كىنوچىلىق ماكان-زامان
چەكلىمىلىكىنى بۆسۈپ ئۆتتى، شۇ ئارقىلىق
خەلق ئاممىسى ئۆزگىچە سەنئەت مۇھىتى
يارىتىشتا رېژىسسور، ئوپېراتور ۋە ئارتىستلار
بىلەن ئورتاقلىشىدىغان بولدى. پەن-تېخنىكا
رەسساملىق سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسەت-
تى، خىمىيە سانائىتى رەسساملارنى يېڭى،
رەڭگارەڭ بوياقلار بىلەن تەمىنلىدى، ئاناتومى-
يە رەسساملارنىڭ ئادەمنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى-

گە بولغان چۈشەنچىسىنى توغرىلىدى، ئېلېكت-
رون تېخنىكىسى مۇزىكا ساھەسىدىن ئورۇن
ئالدى. ئېلېكترونلۇق چالغۇلار ئۆزگىچە قىياپەت
بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەر شارىغا تارقال-
دى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن باشلاپ
تەرەققىي قىلغان لازېر نۇرى تېخنىكىسى ۋە
سەھنە سەنئىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى
كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تىلسىماتتەك سېھىرلىك
مەنزىرىلەرنى نامايەن قىلدى، ئۇنىڭدىكى
ئۆزگىرىشنىڭ جانلىقلىقى، رىتىمنىڭ كۈچلۈكلۈ-
كى، سەنئەتنىڭ جەزبىدارلىقىنى ۋە جەلىپ-
كارلىقىنى ئاشۇردى. سەھنە ماھارىتى دراما
خىللىرى، ئۇسلۇب ۋە سەنئەت ۋاستىلىرىنىڭ
كۆپ خىللىشىش، لازېر نۇر تەتقىقاتىنىڭ تېز
تەرەققىي قىلىش بىلەن راستنى يالغان، يال-
غاننى راست قىلىۋېتىدىغان ئاجايىپ ئۇستا
ماھارەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممى-
سى ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنىڭ سەنئەت
گۈزەللىكىنى يارىتىشتىكى تەڭداشسىز رولى
ئەمەسمۇ؟

3. زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيا-
تى — گۈزەللىككە يېڭى مەزمۇن قوشتى

تەبىئىي گۈزەللىك دېگەندە يۇقىرىدىكى-
لەرگە ئاساسەن بىز تەبىئىي شەيئىلەردى-
كى گۈزەللىكنى نەزەردە تۇتىمىز، تەبىئىي
گۈزەللىك تەبىئەتنى ھېس قىلدۇرۇش شەكلى-
دە كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ،
ھەر خىل كونكرېت تەبىئىي گۈزەللىك ھادى-
سىلىرىنى تەتقىق قىلىشمۇ تەبىئەت بىلەن
تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق
قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ، تەبىئىي گۈزەللىكنى
ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن، بىرى: ئەمە-
گەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن تەبىئىي گۈزەل-
لىك. ئۇلارغا ئىنسان ئەمگىكى سىڭگەن بول-
غاچقا تەبىئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى-
نى بىرقەدەر ئاسان چۈشەنگىلى بولىدۇ، بۇ
— ئىنسان قوشۇلغان تەبىئىي گۈزەللىكتۇر، قا-
قاس تاغلار يېشىللىققا پۈركەنسە كىشىلەرنىڭ
ئېستېتىك تۇيغۇسىنى قوزغىتىدۇ، مانا بۇنىڭغا
ئىنسان ئەمگىكى سىڭگەن. يەنە بىرى، ئەمە-
گەك ئارقىلىق ئۆزگەرتىلمىگەن تەبىئىي گۈ-

# «يىگىرمە تۆت تارىخ» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تۇمۇر ھەسەن

**1. «تارىخىي خاتىرىلەر» (تارىخنامە) ۋە سىماچيەن:**

سىماچيەن — غەربىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 145-يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 86-يىلى ۋاپات بولغان. سىماچيەننىڭ ئاتىسى سىمايەن بىلىملىك كىشى بولۇپ ئاسترونومىيە تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ياخشى بىلەتتى. سىماچيەن بالىلىق ۋاقتىدىلا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ 10 ياش چېغىدا قەدىمكى كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. 20 ياش ۋاقتىدىن باشلاپ جايلارنى ساياھەت قىلىپ ئۇستاز — پىر ئىزلەپ، دوست تۇتۇپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ كېيىنكى دەۋردىكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 108-يىلى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا دۆلەت تارىخچىسى بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشقا جىد-

---

زەللىك، ئالايلى، ئاسمان، دېڭىز، ئىپتىدائىي ئورمان قاتارلىق تەبىئەت مەنزىرىلىرى... بۇ ئىش قوشۇلمىغان تەبىئىي گۈزەللىكتۇر. ئىش قوشۇلمىغان تەبىئىي گۈزەللىكمۇ گۈزەللىك ئوبيېكتى بولىدۇ، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلىشى، ئۆزگەرتىشىگە، تەبىئەتتىن پايدىلىنىشقا كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ئېلىمىز زامانىۋى پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ چاڭجياڭ دېلتىسىدا سەنشيا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى دېلتىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ تۇردۇس قۇملۇقىغا كەڭ كۆلەمدە يايلاق بەرپا قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، بۇ يەرلەر ئەسلىدە قۇشلار ئۆتەلمەيدىغان، ئادىمىزات ئايىغى باسمىغان، گىياھ ئۈنمەيدىغان چۆل-جەزىرە ئىدى. ئەمدى ياپيېشىل ئوتلاقلارغا ئايلاندى، يىل بويى ئادىمىزات ئاياق باسمىغان قۇملۇقلار قۇمنى تىزگىنلەش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەسلى قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. باياۋان بوستانغا ئايلاندى، قاقاس تاغلار رەڭدار لىباس كىيدى. سېسىق سازلىقلار زۇمرەت سۇلارغا ئايلاندى. يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆندۈرۈلدى، ئۆسۈملۈك خىللىرىدا سۈنئىي ئۆزگىرىش بولدى ۋە باشقىلار. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىنسانلارنىڭ پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلەردۇر. ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشتىكى قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى. پەن-تېخنىكا تەبىئىي گۈزەللىككە يېڭى مەزمۇن قوشتى، گۈزەل ۋە رەڭدار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى گۈزەللىكنىڭ يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بىز بۇنداق رېئال تۇرمۇشىمىزغا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق راھەت بېغىشلاۋاتقان گۈزەللىكنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق گۈزەللىكنى ناھايىتى پۇختىلىق بىلەن ئوقۇتىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

دىي كىرىشىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 104-يىلى
سىماچيەن « تارىخىي خاتىرىلەر » نى رەس-
مىي يېزىشقا باشلايدۇ. بەش يىلدىن كېيىن ئۇ
هونلارغا تەسلىم بولغان لى لىڭنى ئاقلاپ
سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن خاقان خەن ۋۇدى
تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىپ ئاختىلاش جازا-
سىنى قوبۇل قىلىدۇ. جىسمانىي ۋە روھىي
جەھەتتىن قاتتىق ئازابلانغان سىماچيەن
قەتئىي غەزەپكە كېلىپ زىنداندا كىتاب يې-
زىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى
96-يىلى ئازاد قىلىنىپ (中书令) پەرمانچى
بولىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 91-يىلى « تارى-
خىي خاتىرىلەر » نى ئاساسىي جەھەتتىن
يېزىپ پۈتتۈرىدۇ.

« تارىخىي خاتىرىلەر » يىگىرمە تۆت
تارىخنىڭ بىرىنچى قىسمى بولۇپ، ئېلىمىزدە بىد
رىنچى قېتىم تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان ئو-
مۇمىي تارىختىدىن ئىبارەت:

« تارىخىي خاتىرلەر » جەمئىي 130 جى-
لىت بولۇپ، بەش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 12 جى-
لىت. ② « پادىشاھلار شەجەرىسى » ، 10
جىلىت. ③ « خاتىرىلەر » ، 8 جىلىت. ④
« بەگلىكلەر تەزكىرىسى » ، 30 جىلىت. ⑤
« ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىها-
لى » ، 70 جىلىت.

« تارىخىي خاتىرىلەر » دىكى « هونلار
تەزكىرىسى » مەخسۇس غەربىي رايوننىڭ
تارىخىغا ئائىت جىلىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. « خەننامە » ۋە بەنگۇ

بەنگۇ (مىلادى 32 — مىلادى 92) ھا-
زىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىن. ئۇ ئۇردا تارىخ-
چىسى بولغان ۋە 20 يىل سەرپ قىلىپ
« خەننامە » نى يېزىپ چىققان. بىراق كىتاب
تاماملانماي تۇرۇپ ئۇ سۇيىقەست بىلەن ئۆل-
تۈرۈلگەن بولغاچقا كىتابنىڭ داۋامىنى ئۇنىڭ
سىڭلىسى بەن جاۋ يېزىپ چىققان.

« خەننامە » ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋر-
لەر تارىخىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇپ جەمئىي
100 جىلىت. ئۇ تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن:

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 12 جى-
لىت. ② « پادىشاھلار شەجەرىسى » ، 8
جىلىت. ③ « خاتىرىلەر » ، 10 جىلىت. ④
« ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىها-
لى » ، 70 جىلىت.

« خەننامە » دىكى « هونلار ۋە جەنۇبىي
هونلار تەزكىرىسى » مەخسۇس غەربىي رايون-
نىڭ تارىخىغا ئائىت جىلىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. « كېيىنكى خەننامە » ۋە فەن يې

فەن يې (مىلادى 398 — مىلادى 445)
ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىن. ئۇ جەنۇبىي
سۇلالىلەر دەۋرىدىكى سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى. فەن يې دەس-
لەپكى مەزگىللەردە خان ئوردىسىنىڭ مىرزا
بېگى بولغان. كېيىن شۈەنچېڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋا-
لىيسى بولغان. سول قول باسقاق بەگ
مەھكىمىسىنىڭ ساناۋنى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئوردىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. ئۆمرى-
نىڭ ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ ئەنزىسگە چېتىلىپ
قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

« كېيىنكى خەننامە » جەمئىي 120
جىلىت پۈتۈن، كىتاب ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 10 جى-
لىت. ② « خاتىرىلەر » ، 30 جىلىت. ③
« ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىها-
لى » ، 80 جىلىت.

« كېيىنكى خەننامە » دىمۇ مەخسۇس
غەربىي رايون تارىخىغا ئائىت سەھىپە ئاج-
رىتىلغان.

## 4. « ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى » ۋە چېن شۇ

چېن شۇ (مىلادى 233 — مىلادى 297)
ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسىدىن. جىن سۇلالىسى
دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى ۋە ئەدىب. چېن

شۇ دەسلىپىدە شۇ پادىشاھلىقنىڭ ئەدەبىيات ۋەزىرى ۋە ئوردا تارىخچىسى بولغان. كېيىن چەتكە قېقىلىپ مەنسۇپدىن چۈشۈرۈلگەن. غەربىي جىن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئوردىدا ۋە يەرلىكتە چوڭ-كىچىك مەنسەپلەرنى تۇتقان.

«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» تەرجىمىھال شەكلىدە يېزىلغان دەۋرلەر تارىخىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» جەمئىي 65 جىلت بولۇپ، كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، تۆت جىلت. ② «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 61 جىلت.

### 5. «جىننامە» ۋە فاڭ شۈەنلىڭ

فاڭ شۈەنلىڭ (مىلادى 579 — مىلادى 648) ھازىرقى شەندوڭ ئۆلكىسىدىن. ئۇ سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەشرىپدار بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىدا لى شىمىنگە ئېقىندىن ياردەملىشىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ۋە ۋەزىر بولغان. مىلادى 627-يىلى ھۆدەيچى مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن. كېيىن مىرزا بەگ ئورۇنباسارى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ «جىننامە» نى يېزىپ چىققان.

«جىننامە» جەمئىي 130 جىلت بولۇپ، پۈتۈن كىتاب تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 10 جىلت.
② «خاتىرىلەر»، 20 جىلت.
③ «بەگلىكلەر تەزكىرىسى»، 30 جىلت.
④ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 70 جىلت.

### 6. «سۇڭنامە» ۋە شېن يۆ

شېن يۆ (مىلادى 441 — مىلادى 513) ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىن. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب ۋە تارىخچى، ئۇ لياڭ خانىنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان. شۇڭا خان ئۇنى مىرزا بەگ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىگەن. كېيىن چاڭ شىيەن ناھىيىسىنىڭ سۇيۇرغاللىق بېگى بولغان.

شېن يۆ — ئېلىمىز كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى شېئىرىيەت شەكلىدىن ۋەزنىلىك شېئىرلارغا ئۆزگىرىشىدە، شېئىرىيەتنىڭ رېتىملىقىغا يۈزلىنىپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان.

«سۇڭنامە» جەمئىي 100 جىلت بولۇپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 10 جىلت.
② «خاتىرىلەر»، 30 جىلت.
③ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 60 جىلت.

### 7. «جەنۇبىي چىنامە» ۋە شياۋ زىشيەن

شياۋ زىشيەن (مىلادى 489 — مىلادى 537) ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن. جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. شياۋزىشيەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خانىنىڭ مەنسەپ-تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى، شىفاۋۇلى، ۋالىي قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان.

«جەنۇبىي چىنامە» جەمئىي 59 جىلت بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 8 جىلت.
② «خاتىرىلەر»، 11 جىلت.
③ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 40 جىلت.

### 8. «لياڭنامە» ۋە ياۋسىليەن

ياۋسىليەن (مىلادى 557 — مىلادى 637) ھازىرقى شىئەن شەھىرىدىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. ياۋسىليەنىنىڭ دادىسى چېن سۇلالىسى دەۋرى-

دە ئوردا مەنسەپ، تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولغان. ياۋسىلىيەن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئاتىسى ۋە باشقىلاردىن تارىخ ئىلمىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇ سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خانىنىڭ ئەدەبىيات ياساۋۇل بېگى، چەۋەندازلار مەھرەمى بولغان. ياۋسىلىيەن ئۆمرىدە «لياڭنامە»، «چېن نامە» دىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي ئەسەرنى يازغان.

«لياڭنامە» جەمئىي 36 جىلت بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 6 جىلت.

② «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە--تەرجىمھالى»، 30 جىلت.

## 9. «چېن نامە» ۋە ياۋسىلىيەن

«چېننامە» جەمئىي 36 جىلت بولۇپ، ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: ① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 6 جىلت. ② «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمھالى»، 30 جىلت.

## 10. «ۋېي نامە» ۋە ۋېي شو

ۋېي شو (مىلادى 506 — مىلادى 572) ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىن. شىمالىي چى سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە چەۋەندازلار مەھرەمى بولغان ۋە دۆلەت تارىخىنى تۈزگەن. شىمالىي چى سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دىۋان بېگى بولغان.

«ۋېي نامە» جەمئىي 130 جىلت بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 12 جىلت.

② «خاتىرىلەر»، 20 جىلت.

③ «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە--تەرجىمھالى»، 98 جىلت.

## 11. «شىمالىي چىنامە» ۋە لى بەيياۋ

لى بەيياۋ (مىلادى 565 — مىلادى 648) ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى. لى بەيياۋنىڭ دادىسى سۈي سۇلالىسى دەۋردە خانىنىڭ سالنامە ئەمەلدارى بولغان. لى بەيياۋ بولسا ۋالىي بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھۆددىچى، چەۋەنداز مەھرەمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. لى بەيياۋ خانىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن «بەش خىل قائىدە-يۇسۇن» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. مىلادى 627-يىلى «شىمالىي چىنامە» نى يېزىپ پۈتتۈرگەن.

«شىمالىي چىنامە» جەمئىي 50 جىلت بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 8 جىلت.

② «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە--تەرجىمھالى»، 42 جىلت.

## 12. «جۇنامە» ۋە لىڭ خۇدېفېن

لىڭ خۇدېفېن (مىلادى 583 — مىلادى 666) ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. لىڭ خۇدېفېن تاڭ سۇلالىسى دەۋردە شىفاۋۇل پىرقىسىنىڭ ياندىشى بېگى، خانلىق بىلىم يۇرتىنىڭ باش مۇدەررىسى، خانلىق مەدرىسىنىڭ ئۆلىماسى قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان. جىن گۇەنىنىڭ 18-يىلى (مىلادى 646-يىلى) «جۇ نامە» نى يېزىشقا كىرىشكەن.

«جۇنامە» جەمئىي 50 جىلت بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 8 جىلد.

② «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە--تەرجىمھالى»، 42 جىلت.

**13. «سۇي نامە» ۋە ۋېي جېڭ**

ۋېي جېڭ (مىلادى 580 — مىلادى 643) ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىن. دەسلەپكى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى ۋە سىياسىيون. ۋېي جېڭ باللىق دەۋرنى نامراتچىلىقتا ئۆتكۈزگەن ۋە دەرۋىش بولغان. سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتە ئىلغار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوردىنىڭ دېۋان بېگى، شىفاۋۇلى قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان. ھەمدە باشقىلارغا باشلامچى بولۇپ «سۇي نامە»نى يېزىپ چىققان.

«سۇي نامە» جەمئىي 85 جىلت بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 5 جىلت.

② «خاتىرىلەر»، 30 جىلت.

③ «ئاددىي-كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 50 جىلت.

**14. «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى» ۋە لى تېڭشو**

لى تېڭشونىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىن. دەسلەپكى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى. لى تېڭشو تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خانلىق مەدرىسىنىڭ ئۆلىماسى بولغان. ۋە دۆلەت تارىخىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. لى تېڭشو «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نى يازغان.

«جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى» جەمئىي 80 جىلت بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 10 جىلت.

② «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 70 جىلت.

**15. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە لى تېڭشو**

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» جەمئىي 100 جىلت بولۇپ، ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 12 جىلت.

② «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 88 جىلت. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى «جورجانلار، تۈرالار تەزكىرىسى» مەخسۇس غەربىي رايوننىڭ تارىخىغا ئائىت جىلت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**16. «كونا تاڭنامە» ۋە ليۇ شۈ**

ليۇ شۈنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى ۋە يۇرتى ئېنىق ئەمەس. ليۇ شۈ كېيىنكى جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب. خاننىڭ مىرزا بەگ ۋە سالنامىچىسى قاتارلىق چوڭ-كىچىك مەنسەپلەرنى تۇتقان.

«كونا تاڭنامە» جەمئىي 200 جىلت بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 20 جىلت.

② «خاتىرىلەر»، 30 جىلت.

③ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 150 جىلت.

**17. «يېڭى تاڭنامە» ۋە سۇڭ چى، ئوۋياڭشيۇ**

سۇڭ چى (مىلادى 998 — مىلادى 1061) ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدىن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب ۋە تارىخچى. سۇڭ چى تەشرىپدار بولغاندىن كېيىن ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ باش ئۆلىماسى قاتارلىق مەنسەپلەرنى تۇتقان ۋە ئوۋياڭشيۇ بىلەن بىرلىكتە «يېڭى تاڭنامە»نى يېزىپ چىققان.

«يېڭى تاڭنامە» جەمئىي 225 جىلت بولۇپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 10 جىلت.

② «پادىشاھلار شەجەرىسى»، 15 جىلت.

③ «خاتىرىلەر»، 50 جىلت.

④ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى»، 150 جىلت. «يېڭى تاڭنامە» دىكى «تۈركلەر، ئۇيغۇر تەزكىرىلىرى» مەخسۇس غەربىي رايوننىڭ تارىخىغا ئائىت جىلت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 18. «كونا بەش دەۋر تارىخى» ۋە شۆجۈجىڭ

شۆ جۈجىڭ (مىلادى 912 — مىلادى 981) ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. ئۇ بەش دەۋرنىڭ ئاخىرى تەشرىپدار بولغان. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە زىنىدان پىرقىسىنىڭ ياندىش بېگى بولغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمر مىمارى ۋە خانلىق تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باش نازارەتچىسى بولغان ۋە باشقىلارغا باش بولۇپ «كونا بەش دەۋر تارىخى» نى يېزىپ چىققان.

«كونا بەش دەۋر تارىخى» جەمئىي 150 جىلت بولۇپ، ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 61 جىلت.

② «خاتىرىلەر»، 12 جىلت.

③ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە — تەرجىمھالى»، 77 جىلت.

### 19. «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» ۋە ئوۋياڭشيۇ

ئوۋياڭشيۇ (مىلادى 1007 — مىلادى 1072) ھازىرقى جياڭشى ئۆلكىسىدىن. ئۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ۋە تارىخچى. ئۇ تەشرىپدار بولغاندىن كېيىن زوراغا بېگى بولغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قەدىمكى نەسىر ھەرىكىتى» نىڭ مەشھۇر رەھبىرى.

«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» جەمئىي 74 جىلت بولۇپ، بەش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 12 جىلت.

② «پادىشاھلار شەجەرىسى»، بىر جىلت.

③ «خاتىرىلەر»، ئۈچ جىلت.

④ «بەگلىكلەر تەزكىرىسى»، 10 جىلت.

⑤ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە — تەرجىمھالى»، 48 جىلت.

### 20. «سۇڭ خاندانلىقى تارىخى» ۋە توتو

توتو (مىلادى 1314 — مىلادى 1355) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن باش ۋەزىر ۋە تارىخچى. ئۇنىڭ يۇرتى توغرىلىق مەلۇمات يوق.

توتو 1340-يىلى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ھوقۇق تارتىۋېلىپ ۋەزىر بولغان ۋە ئەمەلدارلىق ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باشقىلار تەرىپىدىن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

توتو پۈتۈن ھاياتىدا باشقىلارنى يېتەكلەپ ۋە ئۈلگە بولۇپ: «سۇڭ خاندانلىقى تارىخى»، «لياۋ (قىتانلار) خانلىقى تارىخى»، «جىن خانلىقى تارىخى» دىن ئىبارەت بۈيۈك تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

«سۇڭ خاندانلىقى تارىخى» جەمئىي 496 جىلت بولۇپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 47 جىلت.

② «پادىشاھلار شەجەرىسى»، 32 جىلت.

③ «خاتىرىلەر»، 162 جىلت.

④ «ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمھالى»، 255 جىلت. «سۇڭ خاندانلىقى تارىخى» دىكى «قوجۇ، ئورۇن، كوسان ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىلىرى» مەخسۇس غەربىي رايون تارىخىغا ئائىت جىلت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 21. «لياۋ (قىتانلار) خانلىقى تارىخى» ۋە توتو

«لياۋ (قىتانلار) خانلىقى تارىخى» جەمئىي 1116 جىلت بولۇپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① «پادىشاھلار تەزكىرىسى»، 30 جىلت.

② «پادىشاھلار شەجەرىسى»، 8 جىلت.

③ « خاتىرىلەر » ، 32 جىلت.

④ « ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى » ، 46 جىلت.

## 22. « جىن خانلىقى تارىخى » ۋە توتو

« جىن خانلىقى تارىخى » جەمئىي 135 جىلت بولۇپ، تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 19 جىلت.

② « پادىشاھلار شەجەرىسى » ، تۆت جىلت.

③ « خاتىرىلەر » ، 39 جىلت.

④ « ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى » ، 73 جىلت.

## 23. « يۈەن خاندانلىقى تارىخى » ۋە سۇڭ لىيەن

سۇڭ لىيەن (مىلادى 1310 — مىلادى 1381) ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدىن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب ۋە تارىخچى. سۇڭ لىيەن ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولغاچقا، خان ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولغان. خانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلىماسى قاتارلىق مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن باشقىلارنىڭ ئەنزىسىگە چېتىلىپ كۈيجۇ ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلىنغان ۋە يول ئۈستىدە ۋاپات بولغان.

« يۈەن خاندانلىقى تارىخى » جەمئىي 210 جىلت بولۇپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 47 جىلت.

② « پادىشاھلار شەجەرىسى » ، سەككىز جىلت.

③ « خاتىرىلەر » ، 58 جىلت.

④ « ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى » ، 97 جىلت. « يۈەن خاندانلىقى تارىخى » دىكى « باۋۇر چوت ئارتەتىگىن قىسسەسى » مەخسۇس غەربىي رايون تارىخىغا ئائىت جىلت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 24. « مىڭ خاندانلىقى تارىخى » ۋە جاڭ تىڭيۇ

جاڭ تىڭيۇ (مىلادى 1672 — مىلادى 1755) ھازىرقى ئەنخۇي ئۆلكىسىدىن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى. ئۇ كاڭشى خان دەۋرىدە تەشرىپدار بولغان. ئوردىدا ۋە يەرلىكتە بولۇپ چوڭ-كىچىك مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن.

« مىڭ خاندانلىقى تارىخى » جەمئىي 332 جىلت بولۇپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ:

① « پادىشاھلار تەزكىرىسى » ، 24 جىلت.

② « پادىشاھلار شەجەرىسى » ، 13 جىلت.

③ « خاتىرىلەر » ، 75 جىلت.

④ « ئاددىي كىشىلەرنىڭ تەزكىرە-تەرجىمىھالى » ، 220 جىلت. « مىڭ خاندانلىقى تارىخى » دىكى « بەشبالىق، ئودۇن، قەشقەر، قۇمۇل، لۈكچۈن، قارا خوجا، تۇرپان تەزكىرىلىرى » مەخسۇس غەربىي رايون ئۈچۈن يېزىلغان جىلت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

① « ئوكيانۇس » 1979-يىل نەشرى.

② « جۇڭگو مەدەنىيەت بىلىملىرى جەۋھەرلىرى » ، خۇبېي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە ، 1989-يىلى نەشرى.

③ « سىماچيەن ۋە ‹ تارىخىي خاتىرىلەر › » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ « تارىختىن قىسقىچە بايانلار » ، ئىبراھىم نىياز، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى.

# فاشيەن ۋە ئۇنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرى

شېرىن قۇربان

فاشيەن (تەخمىنەن مىلادى 337-، 422-يىللىرى) ئىلىمىزنىڭ شەرقىي جىن سۇلا-
لىسى دەۋرىدە (مىلادى 317-، 419-يىللىرى)
ئۆتكەن مەشھۇر بۇددىست، ساياھەتچى ۋە
تەرجىمان، شۇنداقلا قەدىمكى زاماندىكى
بۇددىزم يۇرتى ئەنەتكەك (ھىندىستان)كە
بېرىپ بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ
پېشۋاسى.

فاشيەن بۇددا دىنىنىڭ ئۈچ چوڭ دەس-
تۇرىنىڭ بىرى بولغان «ۋىنايايىتاكا» نىڭ
جۇڭگودا يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ
بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مىلادى 399-يىلى
ھەمراھلىرى بىلەن چاڭئەندىن يىراق غەر-
بىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ، بوستانلىق، ساز-
لىق، قۇملۇق ۋە چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ،
قەدىمكى پامىردىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا، ئان-
دىن سىرىلانكا ۋە ھىندونېزىيە ئاراللىغا بار-
غان. خاتىرىلىنىشىچە، 60 ياشتىن ئاشقان
فاشيەن 14 يىلدا 30 ئەلنى ئايلانغان. قاي-
تىشىدا ناھايىتى كۆپ سانسكرىتچە بۇددا
نوملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھازىرقى نەنجىڭ
شەھرىدە نوم تەرجىمانلىقى بىلەن شۇغۇللان-
غان. ئۇ ساياھەت كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ،
مەشھۇر «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت»
(«فاشيەن تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
ناملىق سەپەر تەزكىرىسىنى ئېلان قىلغان.
جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى
قەدىمكى ئەللەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى
تەپسىلىي بايان قىلىنغان بۇ ئەسەر بۇددىست
فاشيەنگە زور شان-شەرەپ ئېلىپ كەلگەن.
19-ئەسىردىن كېيىن بۇ كىتاب فرانسۇز،
ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان،
بۇنىڭ بىلەن شەرقلىق بۇددا پىركاملى
فاشيەن قەدىمكى زاماندىكى ئاتاقلىق دۇنيا-
ۋى شەخسكە ئايلانغان. تارىخشۇناسلار فاش-
يەنىنىڭ بۇ ئەسىرىنى 4-ئەسىردىكى ئاسىيا
بۇددىزم تارىخنامىسى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى
ھىندىستان، پاكىستان، نېپال، سىرىلانكا قاتار-
لىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان قاتناش ئىشلىرى
تەزكىرىسى، جۇڭگودا ھازىر بار بولغان تارى-
خىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى قۇرۇقلۇق-دېڭىز
قاتنىشىغا ئائىت ئەڭ قەدىمكى تەپسىلات خا-
تىرىسى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك
ئېتىبار بىلەن قارايدۇ.

راھىب فاشيەن ئەنەتكەككە بېرىش
سەپىرىدە، قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ ئا-
ساسلىق تۈگۈنى بولغان شىنجاڭ رايونىدىن
ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەدىمكى كىروران، چەر-
چەن، كېنىگىت، تەكلىماكان قۇملۇقى، ئۇدۇن
(خوتەن) ۋە قىرپانە بەگلىكى (تاشقور-
غان)دە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدىكى
خاتىرىلىرى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ،
تارىخىي ماتېرىياللىق ۋە تەتقىقات قىممىتىگە
ئىگە.

ھازىر مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردىن قا-
رىغاندا، ئەنەتكەككە بۇددا نوملىرىنى ئېلىشقا
بارغان نۇرغۇن راھىبلاردىن سەپەر ئۇستىدە
قەدىمكى تاشقورغان (قىرپانە بەگلىكى)گە

# «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە

مەمتىمىن يۇسۇپ

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە تۇنجى نۆۋەت ئېچىلغان بۇ يىغىنىمىزغا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق قېرىنداش مىللەت تەتقىقاتچىلىرى، پايتەخت بېيجىڭدىن تارتىپ يىراق خوتەنگىچە، ئىلى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردىن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىپ قاتناشتى. ئەدەبىيات ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، چاغاتاي تىلى ياكى چاغاتاي ئەدەبىياتى دېگەن ئاتالغۇلار مەسىلىسى، مۇئەللىپ، ئەسەرلەر ۋە قول يازمىلارنى تەھقىقلەش مەسىلىسى، كلاسسىكلارنىڭ يۇرتى، تەخەللۇسى مەسىلىسى، بەزى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تىلى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرى مەسىلىسى توغرىسىدىكى

---

بارغان تۇنجى راھىب فاشيەندۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «بۇددىزم ئەللىرىگە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرغان. «قىرپانا بەگلىكى پامىر تاغلىرى ئارىسىدا ئىكەن. بۇ يەر ئېگىز ۋە سوغۇق ئىكەن. بۇغدايدىن باشقا دانلىق زىرائەتلەر ئۆسمەيدىكەن. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 7-ئاينىڭ 15-كۈنى راھىبلار مۇناخىلىقنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا بۇ يەردە سۇبھى قىراۋى چۈشۈشكە باشلايدىكەن».

«بۇ بەگلىكتە خىلمۇ خىل سۈرلۈك بۇتلار، بۇت مۇنارلىرى بولۇشتىن باشقا، يەنە 1000 دىن ئارتۇق راھىب بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. بىز بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا، قىرپانە بەگلىكىنىڭ شاھى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇددا يىغىلىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقانىكەن. يىغىلىشتا تۈرلۈك مەزھەپلەر راھىبلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بۇددا ئەمرىمەرۇپىدىن تەلىم ئېلىۋاتقانىكەن. بۇنداق كاتتا يىغىلىش دائىم باھارىستان مەۋسۇمىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن».

«بۇ يەرنىڭ گۈل-گىياھلىرى سۇڭلىڭ (پامىر) نىڭكىدىن پەرقلىنىدىكەن. بامبۇك، ئانار ۋە شېكەر قومۇچى سورت جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ يەردە يىل بويى قار كەتمەيدىكەن. بەزىدە قاتتىق شۇۋۇرغان چىقىپ، قۇم-تاشلارنى ئۇچۇرۇۋېتىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ قالغان كىشىنىڭ ھايات قالمىقى بىر گەپ ئىكەن. كىشىلەر بۇ يەردىكىلەرنى قارلىق كوھىستانلىقلار دەپ ئاتىشىدىكەن».

فاشيەنىنىڭ بۇ خاتىرىلىرى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمكى تاشقورغان رايونىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن بىزگە يەنىلا ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇمات بېرەلەيدۇ. بۇ ئەسەر تاشقورغاننىڭ جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى تاجىكلارنىڭ قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ھەقتە ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىزغىن مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش خىزمىتى، قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، جارى قىلدۇرۇشتا ۋە ھازىرقى زامان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرى ئاستىدا، ئەدەبىي مىراسلار ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش شارائىتى يارىتىلىپ، كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئىشلەندى. قوم-بارىخانىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن، كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى: لېكىن بۇ پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن خېلىلا يىراق. پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن كەڭ پائالىيەت يولى ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ، بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ كېتەلمىدۇق. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەترابلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

2) كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرىمۇ تېخى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەنگىنى يوق.

3) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قوشنا خەلقلەرگە بولغان تەسىرى، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى تېخى ئەترابلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

4) مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ۋە كەسپىي مۇئەسسەسەلەردە ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدا 5 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەدەبىيات قول يازمىلىرى ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ قول يازما ئەسەرلەر رەتلىنىش، نەشىر قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

5) كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىمىزدە چېچىلاڭغۇلۇق، تار مەھكىمىچىلىك ۋە چوڭقۇرلاشمىغانلىق، مەخسۇسلاشمىغانلىقتەك كەمچىلىكلەرمۇ ساقلىنىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خىزمىتىدە ئىلمىي، سىياسىي ئۇقتۇشىنەزەر جەھەتتىن ئايرىم سەلبىي خاھىشلارمۇ يۈز بەردى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەشكىللىك، پىلانلىق، ئۈزلۈكسىز ماسلاشقان تەتقىقات مۇھىتىنى يارىتىش، شۇ ئارقىلىق توغرا يۆنىلىشتە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تەتقىقات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى. بۇ خىل رىياللىق ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ۋە كۈچلۈك تەلىپى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

جەمئىيىتىمىز قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەتقىقاتنىڭ ئۇيۇلىتى بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر قول يازما نۇسخىلىرىنى رەتلەش، قۇتقۇزۇشقا قاراتتى ۋە ئۆزىنىڭ تۇنجى بەش يىللىق تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلانغا ئاساسەن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن 30 پارچە، خەنزۇچە 10 پارچە، جەمئىي 40 پارچە ئەسەرنى 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نەشىردىن چىقىرىش قارار قىلىندى.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 16-ئەسىردىن كېيىنكى دۇردانىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 40 كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى غايەت زور ئىلمىي، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەم بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتىمىزنى ئاساسلىق مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى.

مۇشۇ 40 كىتاب ئىچىدىكى 15 كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىمىز. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىنگلىز تىلى قاتارلىق چەت ئەل تىللىرىدا نەشر قىلىپ دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز.

8-ئەسىرلەردە ياشىغان فارابى، 11-ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرى، شائىر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، 13-ئەسىرلەردە ياشىغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى، 14-15-ئەسىرلەردە ياشىغان ئەدىبلەردىن لۇتفى، ئاتايى، سەككاكىلار، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۈيۈك ئۇستاز ھېسابلىنىپ كەلگەن ئەلشىر ناۋائى، 17-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان موللا پازىل (كىچىك) ئابىد قۇمۇلى، ھىرقەتى، زەلىلى، نۆۋبەتى، قەلەندەر، سەبۇرى، نىزارى، زوھۇرى، مەشھۇرى، موللا بىلال، تەجەللى، ناقىسى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ داستان، دىۋان، غەزەلىيات... قاتارلىق لىرىك سەنئەت نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە ئېرىشكەن بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

بىز تەتقىقات خىزمىتىمىزدە كلاسسىك مىراسلارنى مۇئەييەن دەۋر مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئەھمىيىتى، ئاساسىي ئېقىمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا بىر تارىخىي مىراس سۈپىتىدە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — كونىدىن يېڭىنى يارىتىشقا ئىمكان بېرىدۇ. بۇ — مىللىي شەكىل، سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى:

1) ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى يىغىنىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولدى.

2) ئاساسىي جەھەتتىن خەلقئارانىڭ ئىلمىي، ئىجابىي ھەم ئىجادىي ئۇسۇللىرىغا ۋە تەرتىپلىرىگە ئەمەل قىلىندى.

3) ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە كەڭ كۆشادە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بۇ يىغىن دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يىغىنى بولدى.

4) ئىلمىي پرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىنغان، ئىلمىي دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلىنغان بىر قېتىملىق ئىلمىي يىغىن بولدى.

5) ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، مەزمۇنى بىرقەدەر چوڭقۇر بولۇپ، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا ھۆرمەت قىلىندى.

6) يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىچىدە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئالدىمىزدىكى تەتقىقات قوشۇنىمىزنىڭ مۇستەھكەم، ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان قوشۇن ئىكەنلىكى بىلەن ھەممىمىزنى خۇشال قىلدى.

يۇقىرىدىكى رېئال ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا يىغىن ئېچىشىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى يارىتىپ بەردى.

خۇددى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش لى كائىنىڭ يىغىنىمىزنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا ئېيتقىنىدەك: «بىزنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەتكە دائىر قەدىمىي كىتابلارنى قوتقۇزۇش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىمىز گۈللەنگەن دەۋرگە كىردى... تېخى ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە ھەرقايسى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلىشىگە توغرا كېلىدۇ».

كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن 30 پارچە ئەسەرنى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، كلاسسىك ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان 10 پارچە (خەنزۇ تىلىدا) كىتابنى
نەشرگە تەييارلاش ئىشنى ئەمەلىيلەشتۇر-
گەنلىكىمىز كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز-
نىڭ مۇنەۋۋەر قول يازمىلىرىنى رەتلەپ، نە-
شىر قىلدۇرۇشتا باسقان بىرىنچى قەدىمىمىز.
بىز 2-باسقۇچتا يەنە بىر تۈركۈم ئەدەبىي
مىراسلارنى رەتلەپ نەشر قىلماقچىمىز.

ئىلمىي جەمئىيىتىمىز بۇندىن كېيىنكى
خىزمەتلىرىدە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
بويىچە كەڭ دائىرىدە ھەم مەخسۇس تېمىلار-
دا ئالاھىدە ئىلمىي قىممىتى زور ئەسەرلەرنى
تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ. جەمئىيىتى-
مىزنىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، جەمئى-
يىتىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم
نامايەندىلىرىگە بېغىشلانغان ھەر خىل ئىلمىي
ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ،
ئەزالارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش تەتقى-
قاتچىلارنى ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىلمىي دوكلات
ۋە ئىلمىي لېكسىيە سورۇنلىرى بىلەن تەمىن
ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە
تەتقىقات ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق
شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىشتا، «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»،
«قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭ-
كىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»،
«شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قى-
لىش»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش،
ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»
فاڭجېنىنى ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي
تەتقىقات خىزمىتىنى توغرا نىشان بويىچە تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. ئۇي-
غۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى جۇڭگوۋا
مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا
كۆپرەك تۆھپە قوشۇش يولىدا خىزمەت قىلدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەقىقەتەنمۇ
جۇڭگوۋا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇر-
غان گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دۆلەت ئىچى-سىر-
تىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇر مەدە-
نىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان خەلقئارادى-
كى 17 دۆلەتنىڭ 32 تەتقىقات ئورنىدا بىزنىڭ
مەدەنىيەت تارىخىمىزغا ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتى-
مىزغا ئائىت قول يازمىلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بەش چوڭ تەت-
قىقات پىلانىمىزنىڭ 5-ماددىسى «ئون ئىككى
مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى شەرق
ماتېرىيال مەركىزى» قۇرۇش بولۇپ، قۇرۇش-
تىكى مەقسەت دۆلىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى خەلق-
نىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان مۇقام ۋە كلاسسىك
ئەدەبىياتىمىزغا دائىر قولىيازمىلارنى توپلاش،
شۇنداقلا خەلقئارادىكى 17 دۆلەتنىڭ 32
تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقامغا دائىر قولياز-
مىلارنى، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇ-
رۇش، خەلقئارا ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قا-
تارلىق يوللار ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ،
تەشكىللىك، پىلانلىق، ئۆزئارا ماسلاشقان
تەتقىقات مۇھىتىنى يارىتىش ۋە ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىككە، توغرا يۆنىلىشكە ئىگە بولغان
تەتقىقات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش — بىزنىڭ
كۆز ئالدىمىزدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان
مۇھىم ۋەزىپىمىز.

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ھالدا ئېچىلغانلىقى، يۇقىرىقى مۇشكۈل
— جاپالىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە
ئاشۇرالايدىغانلىقىمىزدىن دالالەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى —
ھەرقايسى مىللەت ئالىم-مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ
ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا، ئىتتىپاقلىقىغا مۇھتاج.
ئىتتىپاقلىق — غەلىبە دېمەكتۇر. ھەر مىللەت
زىيالىيلىرىنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتكە زىچ ئۇيۇ-
شۇپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى توغرى-
سىدا ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ، تەتقىقات
خىزمىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ
ئۆزى كىشىنى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ.

ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى
ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر، ئەدىبلەر، سەنئەت-
كارلار قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ تىرىشىپ ئىشلەپ،
كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدا يېڭى غە-
لىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلا-
ھات ئېچىۋېتىشكە، پارتىيە مىللىي سىياسىتىگە
شان-شەرەپ كەلتۈرەيلى، ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى!

# مىكرو ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلارنىڭ سالامەتلىككە بولغان تەسىرى

ئادەم بەدىنىدە كاربون ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت قاتارلىق ئاساسلىق ئېلېمېنتلار ۋە ناترىي، كالىي، خلور قاتارلىق ماكرو ئېلېمېنتلاردىن باشقا، يەنە سىنىك، مىس، تۆمۈر، سېلېن، مانگان، خروم، نىكېل، قوغۇشۇن، كالتسىي قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق مىكرو ئېلېمېنت بار. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئادەم بەدىنى ئېغىرلىقىنىڭ 1 مىليوندىن بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەم بەدىنىدىكى ئېنزىم، ھورمۇن، ۋىتامىنلارنىڭ ئاكتىپ مەركىزى، جانلىقلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئېنزىملارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئادەم بەدىنىدىكى مىكرو ئېلېمېنتلار مۇھىم فىزىئولوگىيىلىك رولغا ئىگە. ھازىر ئادەم بەدىنىدە بايقالغان ئېنزىملارنىڭ تۈرى 1000 غا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىكرو ئېلېمېنتلارنى ئاكتىپ مەركەز قىلىدىغان ئېنزىملار ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر ئادەم بەدىنىدە مىكرو ئېلېمېنتلار كەم بولسا ياكى ئۇلارنىڭ نىسبەتلىرى بۇزۇلسا ھەر خىل فىزىئولوگىيىلىك جەريانلار تەسىرگە ئۇچراپ، كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ ياكى مەلۇم كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى مىقدارىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويغىلى ھەم داۋالىغىلى بولىدىكەن. مەسىلەن، ئادەم بەدىنىدىكى سىنىكنىڭ مىقدارى كېمىيىپ كەتسە، كادمىينىڭ مىقدارى ئېشىپ، رېنىنىڭ ئاكتىپلىقى كۈچىيىپ، تومۇرنى جانلاندۇرغۇچى ئامىنىنىڭ ئالمىشىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ، نەتىجىدە تومۇر تارتىشىۋېلىپ قان بېسىم ئۆرلەپ، يۇقىرى قان بېسىم كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر سترونتىنىڭ مىقدارى كېمىيىپ كەتسە، مولىبدېنىنىڭ مىقدارى ئېشىپ، ئېرۋا تىقلىما كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. سىنىكنىڭ مىقدارى كېمىيىپ كەتسە، مىسنىڭ مىقدارى ئېشىپ، جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇل تىقلىمىسى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بەدەندە مىسنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە، جىگەر راكى، ھەزىم قىلىش يوللىرى ئۆسمە كېسەللىكى پەيدا بولىدۇ. قەنت سىيىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىكى سىنىك بىلەن سترونتىنىڭ مىقدارى نورمال ئادەم بەدىنىدىكى سىنىك بىلەن سترونتىنىڭ مىقدارىدىن تۆۋەن بولىدۇ.

مىكرو ئېلېمېنتلار يەنە قېرىشنى كېچىكتۈرۈش جەھەتتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر قېرىشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئادەم بەدىنىدىكى ئەركىن رادىكاللارنىڭ كۆپ بولۇشى قېرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى، دېگەن كۆزقاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا. ئەركىن رادىكاللار ئورگانىزمدا قېرىئوكسىدلاش رېئاكسىيىسى يۈز بەرگەندە ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ھاسىل بولۇش بىلەنلا ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەرنى بۇزىدۇ. سىنىك، سېلېن، مانگان قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار ھەم ئۇلارنىڭ ئېنزىم بىلەن ھاسىل قىلغان بىرىكمىلىرى ئەركىن رادىكاللارنىڭ ھاسىل بولۇشىنى چەكلەش رولىغا ئىگە.

**گۈلشەن نىياز تەييارلىغان**

# «قىسسەئى رابغۇزى» ئۈستىدە ئىزدىنىش

غولام ئەبەيدۇللا

ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاتارىدا «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق ئەسەرمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، خەلقلەر تەرىپىدىن قىزغىن سۆيۈپ ئەتىۋارلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ زور دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. ئىلىم دۇنياسىدىكى نۇرغۇن شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار كۆپ يىللىق تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق بۇ ئەسەرگە ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن يۇقىرى باھا بېرىشتى، دۆلىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى ئاشكارا تەتقىقات ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى. تاكى ھازىرغىچە زور ھەجىملىك بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي، تارىخىي قىممىتى، شۆھرىتى بارغانسېرى ئاشماقتا. بۇ ساھەدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، «قىسسەئى رابغۇزى» ئۈستىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكى بەش مەسىلە ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1. ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەڭ مەشھۇر بولغىنى «قىسسەئى رابغۇزى» ئەسىرىدۇر. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ھەجمى، ئەسەر نامى ۋە مۇئەللىپىنىڭ ئىسمى، نەسەبى ھەققىدە مۇشۇ ئەسەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىدا بەزى ئۇچۇرلار بار. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ نەزمى شەكلىدە يېزىلغان «خاتىمە» سىدە:

يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغە كىم بىتىلدى بۇ كىتاب،
تۇغمىش ئەردى ئول ئۇغۇزدە ھۇت سائادەت يۇلتۇزى.

دېيىلگەن. ئېنىقكى، بۇ ئەسەر ھىجرىيىنىڭ 710-يىلى ھۇت مەۋسۇمىدە يېزىلغان. مەلۇمكى، تارىختا ئۆتكەن مۇنەججىملەر ئاسماننى 12 بۇرجقا بۆلگەن. بۇرج — قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى بويلاپ جايلاشقان 12 يۇلتۇز تۈركۈمىگە خاس ئاتالغۇ. بۇلاردىن جەدى، دەلۋە، ھۇت، ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى بويىچە مىلادىي كالېندارىدىكى 12-، 1-، 2-ئايغا كۆرسىتىدۇ. «ھۇت» — ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى ئېيى بولغان 2-ئايغا توغرا كېلىدۇ. ھۇت بۇرجىدىن كېيىن ھەمەل بۇرجى كېلىدۇ، ئۇ باھار پەسلىگە تەۋە بولۇپ، مىلادىي كالېندارىدا 3-ئاينى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىغا تەۋە بولغان «باھارىيات» ناملىق غەزەلنىڭ بېشى:

كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە، كەلدى ئالەم نەۋروزى،
كۆچتى بەھەن زەمخارىر قىش، قالمىدى قارى-بوزى.

دەپ باشلانغان؛ « 16-قىسسە، ھەزرىتى
يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى » -
دىكى باھار تەسۋىرىدە: « بۇ كۈن ئاتلىغ
سۇلتان ھۇت ئاتلىغ قىشلاقنى قويۇپ، ھەمەل
ئاتلىغ يايلاققا ئۇغرىدى » دېيىلگەن. بۇنى
يەنە خەلقىمىز ئىچىدىكى « ھۇت — كەتـ
مەنىنىڭ سېپىنى تۇت » دېگەن ماقال-تەمـ
سىل ئارقىلىقمۇ ئىزاھلاش مۇمكىن. دېمەك بۇ
ئەسەر ملادى 1311-يىلى 2-ئايدا يېزىلغان.
شۇنىمۇ نەزەرگە ئېلىش زۆرۈركى، ھىجرىيە
ئايلىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى، پەسلى ئۆزگە-
رىپ تۇرغاچقا، بەزى يىللار ملادى كالىندارى-
دىكى ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان ئىككى يىل
ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، يۇقىرىقى
يازما مەنبەلەردىن ئېنىقكى، ھىجرىـ-
يە 710-يىلى ھۇت بۇرجىدا ملادى 1311-يە-
لى 2-ئاي كىرگەن. مۇئەللىپنىڭ ئەسەر
يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە « تۇغمىش ئەردى
ئول ئوغۇزدە ھۇت سائادەت يۇلتۇزى » دېگە-
نى، يەنە ئاللاھىدە كىنايىلەش سەنئىتى بو-
لۇپ، زور ھەجىملىك بۇ ئەسەرنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ئاخىرلاشتۇرغانلىقىدىن، ئۆز ئەسىرىنىڭ
يۇكسەك قىممىتىدىن خۇشاللىق ۋە ئىشەنچلىك
ھالدا بىشارەت بەرگەن.

مۇئەللىپ ئەسەرنىڭ نامىنى ئىزاھلاپ
مۇنداق دېگەن « مەقسۇت مۇندا پەيغەمـ
بەرلەر قىسسەسى ئېردى. ۋە لاكىن ئادەمـ
دىل بۇرۇن ياراتىلغانلار بار ئۈچۈن ئاندىن
ئاغاز قىلدىم، ئىستەكلىككە ئاساسىن بولسۇن
تېپ، ‹ قىسسەئى رابغوزى › ئات قويدۇم » .
مۇئەللىپ بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن مەشھۇر كىتاب-
لارنى مەنبە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن
بىرگە، خاسلىقىنى، ئىجادلىقىنى ۋە ئۆزگىچە
ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز تەخەللۇ-
سىنى ئەسەرنىڭ نامىغا چاتقان.

رابغوزىنىڭ نەسەبى ۋە ئانا يۇرتى
ھەققىدىكى يازما مەنبەلەر تولۇق ياكى بىر-
دەك ئەمەس. بەزى مەنبەلەردە ئۇ « -
قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇلۇغ يوللۇغ راباتـ

لىق » دېيىلگەن. يەنە بەزى مەنبەلەردە
بولسا، « ئۇلۇغ يارۇغلۇق رابات غۇزىنىڭ قازىـ
سى بۇرھانىددىنىنىڭ ئوغلى ناسىرىددىن » دې-
يىلگەن. بۇ ئەسەردىكى « باھارىيات »
شېئىرىنىڭ ئاخىرى:

ھۆرى بىن ئۈچمىش ئىچىندە يەك سالىپ
تەھىددىن قىلۇر،
باز ئۇزە مۇنداق غەزەلنى ئەيتتى ناسىر
رابغوزى.

دەپ چۈشكەن بولسا، ئەسەرنىڭ « خاتىـ
مە » سىدە:

يازىپ ئىلىتتىم ناسىرىددىن توكبۇغە تا
بۇغىنە،
تىلە يۇرمۇ-تىلەمەسمۇ، بىلگۈلۈك بىلسۇن
ئۆزى.

دېگەن. « ناسىر » — ئەرەبچە ياردەمچى
دېگەن مەنىدە؛ ناسىرىددىن بولسا، دىنىنىڭ
ياردەمچىسى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، يۇقىرىقى
بېيىتتا « ناسىر » كېينىكى بېيىتتا « ناسىرى-
ددىن » بولۇپ كېلىشى شېئىرىي ۋەزىن ۋە بو-
غۇم ئېھتىياجى بولۇپ، بۇنداق ئىككى خىل ئا-
تاشنىڭ ئۆز-ئارا زىتلىقى يوق، بەلكى بىر-
بىرىنى تولۇقلايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى دە-
لىللەش مۇمكىنكى، مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئىسمى
ناسىر ياكى ناسىرىددىن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى
بۇرھانىددىن بولۇپ، تەخەللۇسىنى قوشقاندا
تولۇق ئىسمى ناسىر (ياكى ناسىرىددىن)
بۇرھانىددىن ئوغلى رابغوزى دېيىلىدۇ. كېينكى
تەتقىقاتچىلار « رابغوزى » دېگەن تەخەل-
لۇس (ياكى نىسبە) — مۇئەللىپ ياشىغان
جاي « رابات » بىلەن « ئوغۇز » دېگەن
ئىككى ئىسمنىڭ شەپلىك بىرىكىشىدىن ھاسىل
بولغان دەپ قارىغان.

مۇئەللىپنىڭ ئانا يۇرتىغا كەلسەك، ئۇنىڭ
قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى، ھاياتىنىڭ
كۆپ قىسمىنى ئەينى دەۋردە قەشقەرگە قا-
راشلىق بولغان خارەزمنىڭ رابات ئوغۇز دې-
گەن يېرىدە ئاتىسىنىڭ قازى كاللانلىق مەرتە-
ۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆتكۈزگەنلىكىدە گۇمان

يوق. ئۇ 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن. بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە تەشنالىق بىلەن بىلىم تەھسىل قىلىشقا تىرىشىپ، ئەينى زاماندىكى تۈرلۈك ئىلىملارنى ئىگىلەپ، ئىلىم ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن. ئەينى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى خانلىقلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن، داۋاملاشقان ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەلنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، خەلققە بالايىئاپەت، مەدەنىيەتكە ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگەن. قەشقەر ئەتراپىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلىرى دەۋر ئېتىبارى بىلەن خارەزم، ھىرات، تەرەپلەرگە توپلانغان. تىنچ تۇرمۇش ۋە ئىلمىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، رابغوزى ئاتىسىغا ئەگىشىپ، خارەزمگە كېلىپ، يەرلىكلىشىپ قالغان ۋە بۇ ئەسەرنى مۇشۇ يەردە يېزىپ، مۇشۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، رابغوزىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ يېزىقچىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەلۇمكى، رابغوزى ئانا تىلى ۋە تۈركىي تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئەينى دەۋردە ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بىلىشكە تېگىشلىك بولغان شەرق ئەدەبىياتى، ئەرەب-پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتى، تارىخىدىنمۇ مۇكەممەل خەۋەردار. دۇنيا تارىخى، جۈملىدىن ئىسلام تارىخى ۋە پەلسەپىسى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسىنى ئوبدان ئىگىلىگەن، تەتقىق قىلغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقلىرىدىن كۆپ بەھرىمەن بولغان، ئۇندىن تاشقىرى، كۆپ يىللىق ئىجتىمائىي پائالىيىتى جەريانىدا مول تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلىغان. ئۇ ئەشۇنداق يۈكسەك ئىلمىي قۇدرىتى، يېنىك ماھارىتى بىلەن بۇ ئەسەرنى يېزىپ ئىلىم دۇنياسىغا مەڭگۈلۈك تەقدىم قىلغان ۋە ئۆزىنىمۇ تونۇتقان. «قىسسەئى رابغوزى» — ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ۋە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردىكى پاساھەت ۋە بالاغەتكە قاراپ، ئۇنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرى بولۇشى ئېھتىمال دېگەن تونۇشقا كېلىمىز. بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ۋە كۆز-قۇلاق بولۇش زۆرۈرلۈكى ئەلۋەتتە ئەۋلادىي مىللەتنىڭ ئالىيجاناب بۇرچى ھېسابلىنىدۇ.

«قىسسەئى رابغوزى» نىڭ ئەسلى قوليازمىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئۇنىڭ 15-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى بۈيۈك بىرىتانىيە موزېيخانىسىدا، 16-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى لېنىنگراد س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قوليازمىلار بۆلۈمىدە، 15-16-ئەسىرگە تەۋە تولۇق بولمىغان ھالدا كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات موزېيخانىسى ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر «قىسسەسۇل ئەنبىيارابغوزى» دېگەن نام بىلەن 1858 — 1881-يىللىرى قازان مەتبەئەسىدە بەش قېتىم، تاشكەنت، ئىستامبۇل، بۇخارادا كۆپ قېتىم بېسىلغان. ئەرەب-پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنغان. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەر، خوتەندە كۆپلەپ كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان. ئەسەرنىڭ 15-ئەسىردىكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تولۇق ۋە ئەڭ كونا بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا غەرب دۇنياسىغا تونۇلغان. كېيىنكى ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ تېكستى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىق ھالدا بېسىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچى ياكى نەشر قىلغۇچى نامىدىن «بۇ كىتاب 72 قىسسە بىلەن تامام بولغۇسىدۇر» دەپ ئېنىق ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى نەشرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى خەلق

ئىچىدە مەشھۇر بولغان «قىسسەسۇل ئەنبى-
يا» نامىدا نەشر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قارشى ئېلى-
شىغا ئېرىشتى. لېكىن يېڭى نەشر نۇسخىسى
44 قىسسە بىلەن ئاخىرلاشقاندىن باشقا، ئىل-
مىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن بەزى پرىنسىپلىق
مەسىلىلەر ساقلانغان (بۇ ھەقتە ئايرىم
ئوبزور يېزىلدى).

## ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى

ھەربىر مۇئەللىپنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر
مەيدانى بىلەن چوڭقۇر تونۇشماي تۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ۋە ئەسىرىگە يېتەرلىك
باھا بېرىش قىيىن. «قىسسەئى رابغۇزى»-
نىڭ مۇئەللىپى — ناسىرىددىن بۇرھانىددىن
ئوغلى رابغۇزى ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئىنسان-
پەرۋەر، كىشىلىك بەخت-سائادىتىنى كۆزلىگۈ-
چى خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر زات. مۇئەل-
لىپنىڭ دۇنيانى ئاللا ياراتقان دېگەن ئېتىقا-
دى، ماددىي دۇنيانىڭ تۆت تادۇ (ماددا)-
دىن تەشكىل تاپقانلىقىدەك پەلسەپۋى قار-
شى، ھەممە كىشىنى ياخشى، پەزىلەتلىك ۋە
بىلىملىك ئىنسان بولۇشقا ئۈندەش ئارزۇسى،
جەمئىيەت تىنچ، مۇقىم ۋە ئىتتىپاق بولۇش
نىيىتى، شۇنىڭدەك قۇرئان ئاساسىدىكى ئىسلام
دىنى يولىنى تۇتقان ئادالەتلىك ھاكىمىيەت
بولۇش غايىسى، ئىقتىساد گۈللەنگەن ۋە ئى-
لىم-پەن تەرەققىي تاپقان يېڭى دەۋرنىڭ
بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشى قاتارلىقلار
مۇشۇنداق زور ھەجىملىك ئەسەرنى يېزىشتى-
كى ئىچكى ئامىل ۋە مەنىۋى قۇدرەت. مۇئەل-
لىپ ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ناھايىتى
نۇرغۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ، جاھان تارىخىنى
زېرىكمەي ئاختۇرغان. كىتابلار دۆۋىسىگە كى-
رىپ، ئىشەنچلىك مەنبە ۋە ماتېرىياللار ئۈس-
تىدە ئىزدەنگەن. يۇزدىن، ھەتتا مىڭدىن بە-
رىنى تاللاپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دۇنيا-
نىڭ ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تارىخىي ئوبرازى-
نى ئاجايىپ نەتىجىلىك يارىتىپ، مەسىلىلەرنى
ئاجايىپ دانىشمەنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.
«قىسسەئى رابغۇزى» — پەيغەمبەرلەرنىڭ
تەرجىمىھالى ۋە پائالىيىتىنى توپلىغان قامۇس،
ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ بايانى بولغان تارىخ،
جاھان ھېكمەتلىرى ۋە بىلىم دۇردانىلىرىغا
تايانغان پەلسەپە، شۇنىڭدەك ئەۋلادلارغا
نەسىھەتنامە. مۇئەللىپ ئىلىم-پەننىڭ يۈك-
سەك چوققىسىدا تۇرۇپ، ئەينى جەمئىيەتنىڭ
ھەرقايسى قاتلىمىنى ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن
چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقتىن، ئۆزى ياشاۋاتقان
جەمئىيەتنىڭ ئىلغار ئىنتىلىشلىرىگە ۋەكىللىك
قىلىپ، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى بەلگىلىك دەرىجى-
دە ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ ئارقىلىق ھەقانى-
يەت ۋە ياخشىلىق، گۈزەللىك، چىنلىقنىڭ يا-
ۋۇزلۇق، يامانلىق، سەتلىك ۋە ساختىلىق
ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا بولغان
يۈكسەك ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن. ئەسەرنىڭ
مەزمۇنى كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمە بولۇپ،
ئەسەرنىڭ ئاساسىي بايان لىنىيىسىدىن، بو-
لۇپمۇ ئىسلام دىنى ئۈستىدە بولسىمۇ، ھەتتا
ئەسەردىكى مەسىلىلەر ئىسلام شەرىئىتى
بىلەن قاتتىق باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئە-
سەردە دىنىي ئەمر-مەرۇپ تەرغىبات ئە-
مەس، بەلكى دۇنياۋى ھاياتنى بىر تەرتىپكە
سېلىش توغرىسىدىكى دانا پىكىرلەر، ئەخلا-
قىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ساددا ماتېرىيا-
لىزملىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەر ئىلگىرى
سۈرۈلگەن. ئىسلام دىنى ۋە ھەرقايسى دىنى-
لارنىڭ، ھەرقايسى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ
پەلسەپە، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى، ئىجتىما-
ئىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، مەدەنىيەت ۋە
ئەدەبىيات تارىخى، ئىنتىك ئەھۋالى، مىللىي
ئۆرپ-ئادەتلىرى، مىللىي خاراكتېر-خۇسۇسى-
يەتلىرى، ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكرى، جۇغراپىيىلىك
جايلىشىشى قاتارلىقلار خېلى تەپسىلىي سۆزلەن-
گەن. دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى
«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس ئاساسىدا
يېزىلغانلىقى ئەينى دەۋردىكى ئەنئەنىۋى
ئەدەبىي ئۇسلۇب بولۇپ، غەيرىي مۇسۇلمان

خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە تۇتقان
مەيدانى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغاندىمۇ
زىتلىق يوق. شۇڭا، «قىسسەئى رابغۇ-
زى» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كەڭ-
لىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئوخشاش ژا-
نىردىكى ھەرقانداق ئەسەر ياكى ھەرقان-
داق مەدەنىيەت ھادىسىسى بىلەن قەتئىي
سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەسەرنىڭ ئىچكى
قاتلىمى تارىخ بىلەن رېئاللىقنىڭ، ئادەم بى-
لەن جەمئىيەتنىڭ، تەبىئەت بىلەن جەمئى-
يەتنىڭ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، شۇنداقلا
ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەركىزىي قاتلىمدا
ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پۈتكۈل
جەمئىيەتكە دائىر مۇناسىۋەتلەر، ئالىي پەل-
سەپىۋى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇ-
ئەللىپ ئەينى دەۋرنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرى-
جىدىكى بىلىش ئىقتىدارى بىلەن دۇنيانى كۆ-
زەتكەن، ئۆز نەزەرىنى ئالەمنىڭ ئەڭ چوڭ-
قۇر قاتلىمىغا، كەڭ خەلق ئارىسىغا قارىتىپ،
ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى بە-
دىئىي تالانتى ئارقىلىق تارىخىي رېئاللىقنى ئا-
جايىپ تۇسكە كىرگۈزگەن. كونكرېتراق ئېيت-
قاندا، 7-ئەسىرگىچە بولغان دۇنيا تارىخىدى-
كى ئالاھىدە ۋەقەلەر، مەشھۇر غايىۋى ۋە
تارىخىي شەخسلەر، تىپلار ماھىرلىق بىلەن
تاللانغان. ئەسەردىكى يۇكسەك دەرىجىدە
تىپىكلەشكەن بەدىئىي ئوبرازلار قىسمەن
جۇغلىنىشنىڭ ياكى ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ
ئاددىي خاتىرىسى بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر
پەلسەپىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىدىكى ئۇلۇغۋار
تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە
ئىجتىمائىي ئۇنۇم سىنتېزىسىنى بەرپا قىلغان
بولۇپ، ئاجايىپ-غارايىپ تەسەۋۋۇرغا باي
ئەقلىي بىلىشكە ئىگە. پەلسەپە بولسا، بۇ
خىل ئەقلىي بىلىشنىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدۇ.
مانا شۇنداق تەسۋىرلەر ئىچىدە ئالەمنىڭ
تۈزۈلۈشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىگە دائىر
ئىنكاسلار، كىشىنىڭ ئەقلىنى مەپتۇن ۋە
ھەيران قىلىدىغان پىكىر-مەنالار ئورغۇپ تۇ-
رىدۇ. ئەسەردىكى ئاساسىي مەزمۇن ۋە
مەسىلىلەر ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋاللار بو-
لۇپ، زامان تەقەززاسى بىلەن تىلغا ئېلىنغان
پەيغەمبەرلەر ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدىكى
بايانلارغا قاراپلا نوقۇل دىنىي ئەسەر دېگىلى
بولمايدۇ. بۇ ئەسەر بەدىئىي ئەدەبىياتقا
مەنسۇپ بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياۋى
ئەدەبىياتتۇر. ئەسەردىكى ئەخلاق، مۇھەب-
بەت، ھاكىمىيەت، دىن، سىياسەت قاتارلىق
ئىجتىمائىي تېمىلار دۇنياۋى تېمىلاردۇر. بۇلار
ھاياتنى ئېتىراپ قىلىشقا، سۆيۈشكە، ھېسسىيات-
نى قەدىرلەشكە، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرۈشكە بېغىشلانغان. شۇنداقلا
ئەينى دەۋردە باش كۆتۈرگەن تەركىدۇنيا-
چىلىق كۆزقارىشىنى ئىنكار قىلغان. مانا بۇلار
ئەسەر مەزمۇنىنىڭ دىققەتكە سازاۋەر ئەڭ
مۇھىم تەرەپلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپنىڭ
سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىدىكى كۆزقاراشلىرى
بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە. مەسىلەن، ئە-
سەردە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام يۈكسەك ئەخ-
لاقىي پەزىلەتلىك، چىن مۇھەببەت ئىگىسى
قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «يۇسۇپ-زۇلەي-
خا» نىڭ مۇھەببەت تارىخى ئارقىلىق ئىنسا-
نىي مۇھەببەت، ساداقەت، سەمىمىيەت،
ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتكەن.
يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئاكىلىرى
ئوبرازى ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە ھەققانىيەتنىڭ
مەككارلىق ۋە ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن جەزمەن
غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ ئىپا-
دىلەنگەن. ئەسەردە شەرق دۇنياسىغا
كەڭ تارقالغان مىخلار (ئەپسانە)، تارىخىي
رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ
سەرگۈزەشتىلىرى مەزمۇن ئاساس قىلىپ تال-
لانغان. مۇئەللىپ «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش» مەقسىتىدە ئۆزى ياشا-
ۋاتقان دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي قىيا-
پىتىنى ئوبيېكتىپ ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈشكە
تىرىشقان ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا قارىتا

توغرا تونۇشنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ، ئاجايىپ
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بىز بۇ ئەسەردىن
ھەقىقىي دۇنيا بىلەن مۇئەللىپ ياراتقان دۇن-
يانىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ياكى پەرقىنىڭ
چوڭلۇقىنى ھېس قىلىمىز، ھەيران قالىمىز.
مۇئەللىپنىڭ ئىجاد قىلغىنى ئەدەبىيات دۇنيا-
سى. ئىستېتىك دۇنيا ۋە دۇنيا تارىخى بولۇپ،
خىسلەتلىك قەلەمى ئارقىلىق تەبىئىي ۋە ئاد-
دىي دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈپ كۆرسەتكەن.
ئەسەردە كىشلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغىنى
كۆرگىلى، تۇتقىلى بولمايدىغان روھ، يەنى ئې-
تىقاد بولۇپ، مەنىۋى دۇنيادا شەكىللىنىدىغان
ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ھادىسىسى مۇئەييەن
دىنىي قاراشنىڭ ئىنكاسى. بۇ مۇھىم تېما
كىشلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان پىكىر،
شۇنداقلا يۈكسەك ئىدىيۋى پەزىلەت ئاتا قى-
لىش ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى نامايەن قىلغان.
شۇڭا، ئەسەر دۇنيانىڭ، ھەرقانداق بىر تا-
رىخىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى،
ھەرخىل ئېرقتىكىلەر، دىنىي-ئېتىقادى،
ئۆرپ-ئادىتى ئوخشاشمايدىغانلار تەرىپىدىن
ئىزچىل ئالقىشقا ئېرىشىپ كەلگەن. مەيلى
ئەينى دەۋردىكىلەر ياكى كېيىنكى دەۋردىكى-
لەر بولسۇن، مەيلى ئىسلام دىنى ياكى غەي-
رى دىندىكىلەر بولسۇن، بۇ ئەسەرنىڭ كەڭ
مەزمۇنىدىن قۇسۇر تېپىشقا، مۇئەللىپنىڭ ئىل-
مىي ماھارىتىدىن گۇمانلىنىشقا ھېچ كىشى جۈر-
ئەت قىلالمىغان.

## ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىلى

« قىسسەئى رابغوزى » — ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا، 13-ئەسىردىن
كېيىنكى ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىنىڭ يېگىلىقلى-
رىنى ئىجادىي قوبۇل قىلغان ھالدا ئوبرازلىق،
ئىخچام پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئۆزگىچە ئىجادى-
يەت نەمۇنىسىنى ياراتقان. ناھايىتى ئېنىقكى،
ئىجتىمائىي رېئاللىق مۇئەللىپكە، ئىجادىيەت
مېتودىغا ۋە ئىجادىيەتكە ھەل قىلغۇچ تەسىر
كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى.
ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي مېتود تۈپ ماھىيىتى-
دىن ئالغاندا، تارىخىي ئالدىنقى شەرت ئى-
چىدىكى بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بولۇپ،
زامان-ماكان شارائىتىدىكى ئېستېتىك ھالەتكە
ئىگە رېئاللىق، سىنىپىيلىككە ئىگە دۇنيا قا-
راش، شۇنداقلا ئۆتكەن دەۋرلەردە توپلانغان
بەدىئىي تەپەككۇر ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت
ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ غايە
بىلەن ئەمەلىيەت، پسىخىكا بىلەن ئاڭ، ئىد-
راك بىلەن ھېسسىيات، تەپەككۇر بىلەن
مەۋجۇدىيەت، تارىخ بىلەن رېئاللىق، ئوبيېكت
بىلەن سۇبيېكت تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت،
دۇنيانىڭ بىرلىكى ۋە زىددىيەتلىكلىكى قاتار-
لىق كۆپ قاتلاملىق مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ،
ھەربىر دەۋرنىڭ تەپەككۇر مېتودىغا قويۇلغان
تەلەپلىرى ئوخشاش ئەمەس. « قىسسەئى
رابغوزى » نىڭ ئىچكى ئېستېتىك قاتلىمى بەلگى-
لىنىك مۇكەممەللىك، ئىخچاملىق، قارىمۇ قارشى-
لىق ئىچىدىكى بىرلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئىجادى-
يەت ئۇسلۇبى مەنىۋى ۋە تارىخىي ماھىيەتكە
ئىگە بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ ئىجادىيەت مۇقەر-
رەرلىكىنى بەلگىلىگەندىن تاشقىرى، ئەسەر-
نى ئۆزگىچە ئىجتىمائىي خاراكتېرگە، بەدىئىي
قىممەتكە ئىگە قىلغان. مانا بۇلار تېما، بە-
دىئىي قۇرۇلما، تىل-يېزىق، ئىپادىلەش ئۇسۇ-
لى، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر قاتارلىق ئەسەر
ئېلېمېنتلىرىدا روشەن گەۋدىلەنگەن. بۇ
ئەسەردىكى نۇرغۇن ۋەقە ۋە مەسىلىلەرنى
بەدىئىي شەكىلگە كىرگۈزۈشنىڭ ھەقىقەتەن
قىيىنلىقى مۇئەللىپتىن ناھايىتى زور ماھارەت
تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، مۇئەللىپ ئادەتتىكى
بايان يولىغا كىرىۋالماي، ئۆزىنىڭ بەدىئىي
تەسەۋۋۇرى، ئىمكانىيىتى ۋە توپلاپ پىششىقلى-
غان، ئىسپاتلىغان ماتېرىيال مەنبەسى يار
بەرگەن دائىرىدە ئەسەرنى بەدىئىي يې-
زىشقا تىرىشقان.

« قىسسەئى رابغوزى » — ئۇيغۇر
پروزىچىلىقىنىڭ قىسسە بىلەن رىۋايەتنى ئۆز-
ئارا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشتەك ئەنئەنىۋى

شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. «كىرىش سۆز» گە تەۋە «باھارىيات» (مەدھىيە)، بەزى قىسسەلەرنىڭ باش-ئاخىرى ياكى قىسمەن لىرىك كەچۈرمىشلەر، شۇنىڭدەك ئەسەرنىڭ «خاتىمە» سى نەزمىي شەكىلدە يېزىلىپ، بىرنەچچە يۈز مىسرا ھەر خىل تۈردىكى ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ماھارەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇرەككەپ ۋە نازۇك بەدىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، يۈكسەك تىپىكلەشكەن ئوبرازلارنى ئالتە چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) ئەنبىيالار ۋە غايىۋى شەخسلەر ئوبرازى، (2) تارىخىي شەخسلەر ئوبرازى، (3) ئەر-ئايال پۇقرالار ئوبرازى، (4) خاسىيەتلىك ھايۋانلار ۋە نەرسىلەر ئوبرازى، (5) دۇنيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئوبرازى، (6) ئورۇن-جاي، مۇھىت ئوبرازى قاتارلىقلار. ئەسەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان بەدىئىي قاتلاملىرىنى سەككىز چوڭ سىستېمىغا ئايرىشقا بولىدۇ: (1) ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئەنئەنىۋى 360 كەسىپنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىلغا ئېلىنىپ ئۇلۇغلانغان. (2) ئىجتىمائىي تۇرمۇش سىستېمىسى بولۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئوبيېكت-سۇبيېكتلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىنغان. مەسىلەن، 72 خىل تىل-زۇۋان، زېمىن خەلقى، سۇ خەلقى، ئاسمان خەلقى (ھۆر-پەرىشتىلەر) كويىقاپ خەلقى، ئۇچارچىلىق-تىنارلىق، شۇنىڭدەك ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە مۇسىبەتلەر، خۇشاللىق ۋە قايغۇ-ئەلەم، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە ئىخچام تەسۋىرلەنگەن. (3) يازما-ئاغزاكى ۋە قېزىلما مەنبەلەر، كىتاب-ژانىرلار سىستېمىسى بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلانغان تۆت كىتاب (زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان) ئاساسىي ماتېرىيال مەنبەسى قىلىنغان. بولۇپمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەدىسلەر كۆپلەپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن. «سىيرىتۇل ئەنبىيا» (ئەنبىيالار ئەھۋالى)، «ئەنبىيالۇل ئۇلۇم» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلار ۋە ئەرەب-پارس، تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك نەمۇنىلەر تىلغا ئېلىنغان. (4) غايىۋىلەشكەن كارامەت مۆجىزىلەر سىستېمىسى بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ زورلىشى بىلەن ئەنبىيالار كۆرسەتكەن كارامەت مۆجىزىلەر ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن، ئەرشى-ئەلا، جەننەت، دوزاق، كۆك قوچقار، دۇلدۇل، مەركە (ئات)، مەنزەر چۈمۈلە (ئاقساق)، ئەرھەم ئاتلىق بېلىق (ئەنگۈشتەرنى ساقلىغان)، رالۇخا ئاتلىق بېلىق (يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قارنىدا ساقلىغان)، بۇراق (ئىلاھىي ئات)، رەبرەپ (ئىلاھىي ئات)، ئەھرەمەن ياكى ئەھمەن ئاتلىق دىۋە (ئالۋاستى)، ئىلاھىي بۇت، ئاق بۇلۇت، ئەنگۈشتەر ئۈزۈك، خاسىيەتلىك ھاسا ۋە تاش، خاسىيەتلىك قومۇش ۋە شامال، ساندۇقى شاھادەت قاتارلىقلاردىن ھەرقايسى پەيغەمبەرلەرگە تېگىشلىك نەرسىلەر ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارنى يېڭىشىدە دەرھال ۋە كۈچلۈك ياردەم قىلغانلىقىنى ئەزىزلەنگەن. (5) ئىجتىمائىي پائالىيەت سىستېمىسى بولۇپ، تارىخىي شەخسلەر، پەيلاسوپلار، ئالىملار، مۇنەججىملەر، دانىشمەنلەر، شاھ-ۋەزىرلەر، سەركەردىلەر، مەردلەر، سېخىي-بېخىللارنىڭ پائالىيىتى تىلغا ئېلىنغان. ھەرقايسى دىنىي تەبىقە ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ رىقابەتلىرى، ئۇرۇش-جېدەللىرى، ھەرقايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، زىددىيەتلىرى مۇرەككەپ، جانلىق، قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن. مەشھۇر ھەدىسشۇناسلار قاتارىدا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان مەۋلانا مۇھەممەت بۇخارى (872 — 932)نىڭ نامى كۆپ ئورۇندا ھۆرمەت بىلەن تىلغا

ئېلىنغان. بۇ زاتنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت
ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ئىسمائىل بولۇپ، بۇخارادا
تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىدا
تەڭداشسىز ھەدىسشۇناس بولۇپ شۆھرەت
قازانغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام بۇخارى دەپ نام
ئالغان. (6) تىل-ئاتالغۇ، سان-سىفىر سىستې-
مىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە
تىلى ئاساسىدىكى تىل-ئاتالغۇلاردىن باشقا،
ئەرەب-پارس تىللىرى تاللاپ ئىشلىتىلگەن.
ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەر-
گەن جايى، ۋاقتى ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا
ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بەزى زۆرۈر مەسىلە-
لەرمۇ سان-سىفىرلار ئاساسىدا يىغىنچاقلانغان.
مەسىلەن: «19-قىسسە، ھەزرىتى مۇسا
كەلىمۇللا ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» نىڭ «مۇسا
ئەلەيھىسسالامغا تەۋراتنىڭ نازىل بولغانلىقى»
دېگەن پەسىل (ئوتتۇراھال ماۋزۇ) ئىچىدە
مۇنداق يېزىلغان: «تەۋرات مۇسا ئەلەيھىس-
سالامغا چۈشكەن. ئۇنىڭدا، تائەت-ئىبادەتكە
دائىر 7000 پەرمان بار، 7000 پەند-نەسى-
ھەت بار، ياخشىلىققا ئائىت 7000 پەرمان بار،
باشقا ئىشلار ھەققىدە 7000 كالام بار، ھەم-
مىسى 28000 كالامدۇر. ئۇلار 12 پارچە تاخ-
تايغا 100 سۈرە بولۇپ، تۇر تېغىدا جىبرائىل
ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق تەلىم بېرىلگەن. بۇ
چاغدا بەنى ئىسرائىل 12 پىرقە ئىدى، ھەربىر
پىرقىدا 15 مىڭ ئادەم بار ئىدى» ۋە باش-
قىلار. (7) نەزەرىيىۋى بىلىم سىستېمىسى بو-
لۇپ، تىلشۇناسلىق، تارىخ، پەلسەپە، ئېتنوگ-
رافىيە، مورفولوگىيە، ئەدەبىيات، دىيالېكتىكا،
ئېستېتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئاسترونومىيە،
قانۇن قاتارلىق كۆپ خىل پەنلەر ۋە ھەر
خىل ھۈنەر-سەنئەتتىن بەلگىلىك دەرىجىدە
تەلىم بېرىدۇ. بولۇپمۇ «قۇرئان كەرىم»-
دىكى 114 پارە سۈرىنىڭ ئازغىنە كەم يېرمى
دېگۈدەك تىلغا ئېلىنغان. دەلىل ۋە نەقىل
كەلتۈرۈلگەن ئايەت، ھەدىسلەر ئۆز جايىدا،
بەزىلىرى ھەتتا تەكرار ئىشلىتىلگەندىن تاش-
قىرى، تۈركىي تىلدا ھېچ نۇقسانسىز شەرھ-

لەنگەن. (8) ئەسەرنىڭ قۇرۇلما سىستېمىسى
بولۇپ، ئەنئەنىۋى كىتاب تۈزۈش ئۇسۇلى بو-
يىچە، مۇقەددىمە، تېكىست، خاتىمە قاتارلىق
ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مۇندەرىجىگە ئايرىل-
غان. 72 قىسسەنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئالدىغا
بىرنەچچىدىن پەسىل (ماۋزۇ) لەرگە بۆلۈن-
گەن. ھېكايىلەش ۋە شەرھلەش ئۇسۇلى
رەتلىك، ئىخچام، جانلىق بولۇپ، ھەربىر قىس-
سە ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقەلەرنىڭ زا-
مان-ماكان جەھەتتىن ئىلگىرى-كېيىنلىك ئور-
نى بار. لېكىن، خالىغان بىر قىسسەنى ياكى
خالىغان بىرەر ۋەقەنى يۇ چوڭ ۋە مۇكەممەل
قۇرۇلمىدىن ئايرىپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ. شۇن-
داقتىمۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلما سىستېمى-
سىغا تەسىر يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەسەرنىڭ
ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ تېكىستى بىر-بىرىدىن
پەرقلىق بولغان. ئۇندىن باشقا، تېكىست ئى-
چىدىكى نەسىر، نەزم ئايرىم-ئايرىم ئېلىنغان
ۋە بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. ھەتتا مۇئەللىپ
كەلتۈرگەن دەلىل ۋە نەقىللەرنىڭ مەنبەسى-
مۇ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەسەرنىڭ يۇقىرىدا
دېيىلگەن ئوبرازلار تۈرى-ۋە بەدىئىي سىستې-
مىسى ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنىڭ نادىر ئۇسلۇبى
ۋە ئەدەبىي تۈرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇن-
ياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان. بۇ ھەقتە ئا-
تاقلىق تەتقىقاتچى، پېشقەدەم شائىر ۋە ياز-
غۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تۆۋەندىكى سۆ-
زىنى نەقىل كەلتۈرۈش كۇپايە: «بۇ ئە-
سەر تىلشۇناسلىق، تارىخ، پەلسەپە، فولكلور
ۋە ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى ئىلمىي قىممىتىدىن
تاشقىرى، ئۆز قۇرۇلمىسىنىڭ نادىرلىقى، ئوب-
رازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرغا
بايلىقى، تىلىنىڭ چۈچۈك ۋە تاتلىقلىقى، مەز-
مۇنىنىڭ كۆپ قاتلام ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن
بەزى ئالىملار تەرىپىدىن ھەقلىق يوسۇندا 〈
رومان 〉 دەپ ئاتالماقتا. خاقانىيە ئەدەبىي
تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە
ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى يۈكسەك دەرىجىگە
كۆتۈرگەن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پروزىسى تارى-

خىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقى بىلەن ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ، توغرىسى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پارلاق نامايەندىسى بولۇشقا تامامەن مۇناسىپ، ئۇنىڭ بىرقانچە ئەسىرلەردىن بۇيان كەڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مىليونلىغان كىتابخانلار ئارىسىدا زور قىزىقىش قوزغاپ، يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى تاسادىپىي ئەمەس » ①. مەن مۇشۇنداق ئىلمىي، ئادىل ۋە يۈكسەك باھانىڭ ئىلھامى بىلەن « قىسسەئى رابغۇزى » ناملىق ئەسەرنى رومانلار ئەمەس، بەلكى ترولوگىيە دەپ ئاتاش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. چۈنكى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر رومانلار، توغرىسى ترولوگىيىسىنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، « قىسسەئى رابغۇزى » ئېشىپ چۈشىدۇ. پروزا ژانىرىدىكى يىرىك تۈرلەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچىمۇ تامامەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. رومان ۋە ترولوگىيە ئىجادىيىتى خاسلىقى كۈچلۈك بولغان مەنىۋى ئەمگەك. ئۇنىڭغا ھازىرقى زامان يېڭى ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى بويىچە بىرمۇ قائىدە بەلگىلەپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۆزىگە خاس سەھنە، رامكا ۋە ئىپادىلەش شەكلى تېپىشى كېرەك. « ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن پىلانى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈچ پارچە دراماتىك ياكى پروزائىك (نەسىر) ئەسەر، بۇ ئەسەرلەر بىر-بىرىنى تېماتىك، غايىۋى جەھەتلەردىن تولۇقلىغۇچى سۈپىتىدە، شەرتلىك ھالدا ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ترولوگىيە دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە » ① دېگەن ئەنئەنىۋى چۈشەنچە بويىچە سېلىشتۇرساق، ئەسەردىكى 72 قىسسەدىن سەككىز قىسسە ئالاھىدە بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن بەش قىسسە (ھەزرىتى ئادەم، يۈسۈپ، مۇسا، سۇلايمان ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى)گە كەڭرەك سەھىپە ئاجرىتىلغان. تېخىمۇ يىغىنچاقلىغاندا، ئادەم ئەلەيھىسسالام، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى ئىنتايىن ئەتراپلىق تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قىسسەلەر تارىختىن بۇيان ئايرىم-ئايرىم ھالدا يادلىنىپ كەلگەن. بەزىلىرى كىتاب بولۇپمۇ نەشىر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بىر شانلىق ئوبراز — ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەت نام-شەرەپلىرى سىڭدۈرۈلگەن. نۇرغۇن ئۇرۇن-جاي، مەشھۇر ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر تىلغا ئېلىنغان. پېرسوناژلار مىڭدىن، ئاساسلىق پېرسوناژلار 100 دىن ئاشىدۇ. ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەت، ھەق-ئادالەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق، خۇشاللىق ۋە مۇسىبەت، ئىنسانىيەت دۈشمىنى بولغان شەيتان ۋەكىللىكىدىكى سەلبىي كۈچلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى، نەچچە ئون مىڭ يىلغا، ھەتتا مىليون يىللارغا سوزۇلغان ۋەقەلەر، كەچۈرمىشلەر ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە قىزىقارلىق بولۇپ، دراماتىك ئېپىزوتلارغا باي، ئاساسلىق پېرسوناژلار ئىنچىكە ۋە نەپىس سۈرەتلەنگەن. پىسخىك خاراكتېر ۋە روھىي-ھالەتلىرى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. مۇئەللىپ ھەربىر ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى بەلگىلىك تارىخىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەچكە، قويۇق رومانتىك تۈس ۋە رېئاللىزملىق خاھىش ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ دىنىي رىۋايەت ئەمەس، شۇنداقلا خالىغانچە توقۇلما قىلىنغان تارىخىي ياكى ئەدەبىي ئەسەرمۇ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىجتىمائىي ھايات كاتېگورىيىسىنىڭ مۇكەممەل قامۇسى؛ دۇنيانىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي، مەدەنىي، دىنىي ئەھۋالى ناھايىتى ئەتراپلىق، ئىنچام ۋە جانلىق تەسۋىرلەنگەن يىرىك ئەدەبىي نامايەندە، دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى ترولوگىيە ۋە ترولوگىيىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

« قىسسەئى رابغۇزى » چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تامامەن دېگۈدەك ئۇيغۇر تىل قۇرۇلمىسىغا ئىگە، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەر تىلغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىل

ئۇسلۇبىغا بەكمۇ ئۇيغۇن. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىدا ئوغۇز، ياۋۇز، پاتمان (جىمىك)، قۇت، ئەش، تارۇ، تۇرنا، باي، قىز، سارى (تەرەپ)، بەگ... قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىل سۆزلۈكلىرى ئەينەن ۋە نۇرغۇن ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك ئەرەب-پارس تىلى، موڭغۇل تىلى ۋە پاسىلداش سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ. پاسىلداش سۆزلەر دېگىنىمىز — تۈركىي تىللار تەركىبىگە كىرگەن، لېكىن كېلىش مەنبەسى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان سۆزلەر بولۇپ، تۈركىي تىللار بىلەن باشقا تىللاردىكى پاسىلداش سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەرنىڭ نەسرىي ياكى نەزمىي تىل ئۇسلۇبى ئاممىباب ۋە ساپ، راۋان ۋە ئىخچام، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، ئاجايىپ گۈزەل تەسۋىرىي ۋاسىتىلارغا ئىگە. شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىي تىلدا، بەزىلىرى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان. «باھارىيات» شېئىرى بىلەن بەزى شېئىرلار ۋە «يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» دىكى تەبىئەت تەسۋىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ «تۆتىنچى باب، باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانىدا» دىكى كۆپلىگەن بېيتلار بىلەن تىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن تولىمۇ ئوخشاشلىققا ئىگە. مۇئەللىپ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تىلىنى ئاساس قىلغان. ئەرەب-پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن ئەينى دەۋردە ئۆزلەشكەنلىرىنى ۋە يېڭىدىن كىرگەنلىرىنى، مۇھىمى ئاتالغۇلارنى تاللاپ ئىشلەتكەن. ئەسەردىكى مۇتلەق كۆپ سۆزلۈكلەر ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىپ كەلمەكتە. تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا خېلى زور ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئا. م. شېر باك «خاقانىيە تۈركچىسى» تەتقىقاتىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» (مۇناسىۋەتلىك قىسمى)، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە «قىسسەئى رابغۇزى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ تىلى «قارلۇق-ئۇيغۇر دېئالېكتىغا تەۋە» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن، «قارلۇق-ئۇيغۇر دېئالېكتىنى بولسا ئۇيغۇر-ئۆزبېك تىللىرىنىڭ بىۋاسىتە پروتو تىپى» دېگەن① تارىخچى تۆمۈر ئىبنى ئەرەبشاھ (ۋاپاتى 1450-يىلى) «چاغاتاي يېزىقى دېمەك ئۇيغۇر يېزىقى دېمەكتۇر، ئۇل موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان» دەپ يازغان. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، رابغۇزى 13-ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەب-پارس تىل-ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكى — ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەت. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا رېئالىزم ۋە فانتازىيە، مۇبالىغىگە باي بولغان رومانتىزم پرىنسىپى، شۇنداقلا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، ئىجادىي قوبۇل قىلىش پرىنسىپلىرى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، «قىسسەئى رابغۇزى» نىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە تىل ئالاھىدىلىكى — ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تارىخىي قاتلىمىغا تەۋە بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تورىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

**4. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتى**

رابغۇزى ئالەمنىڭ بىنا بولغىنىدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىككى ئىمام (ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن) زامانىسىغىچە (7-ئەسىرگىچە) بولغان مول رىۋايەت ۋە يازما ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئىسلام دىنى كۆزقارىشىدا ئەدەبىيات يارىتىپ، دۇنيانىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئەسەر كىملەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس، «خاتىمە» قىسمىدىكى:

يازىپ ئىلتىپتىم ناسىرىدىن توكبۇغە تا-

بۇغىنە،
تىلە يۇرمۇ-تىلە مەسمۇ، بىلگۈلۈك بىلسۇن
ئۆزى.
دېگەن بېيىت مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئەسەر
يۈتكەندە مۇئەللىپ توكيۇ (موڭغۇل هۆكۈمدار
ياكى يېقىن كىشىسى بولسا كېرەك) ناملىق
شەخسكە تەقدىم قىلغان. كلاسسىكلارنىڭ
ھەرقايسى خانلىق ياكى يەرلىك ھۆكۈمدارلار
تەشەببۇسى بىلەن كىتاب تەسنىپ قىلىشى
ئىزچىل تارىخىي ئەنئەنە بولۇپ، چاغاتاي
خانلىقى (1230 — 1360) نىڭ قەدىمكى ئۇي-
غۇر يېزىقىنى خانلىق يېزىقى سۈپىتىدە قوبۇل
قىلغانلىقى ۋە خانلىق ئوردىسىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر
ئۆلىمالىرىنىڭ خىزمەت قىلغانلىقىدەك ئىللىق ها-
ۋا بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك. تارىخنىڭ شانلىق سەھىپىلىرى-
دىن ئايانكى، فېئودالىزمنىڭ ئەڭ تۆۋەن
باسقۇچىدا تۇرغان موڭغۇللار 1218-يىلى ئۇي-
غۇرلار زېمىنىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن دۇچ
كەلگەن يۈكسەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە
مەدەنىيەت قاراخانىلار سۇلالى-
سى (850 — 1212) بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى-
دا بارلىققا كەلگەن بازىسنىڭ مەھسۇلى بول-
غان. موڭغۇل ئىستىلاسى تۆپەيلىدىن ئېغىر زى-
يانغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پەيدىنپەي
ئەسلىگە كەلگەن ۋە كۆپ راۋاجلانغان.
موڭغۇللار كۈچ-قۇدرەتتە ئۈستۈن بولغىنى بى-
لەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، دىپلوماتىيە ۋە
مەدەنىيەتنى جانلاندۇرۇش جەھەتلەردە ئۆ-
زىدىن ئۈستۈنرەك بولغان ئۇيغۇرلارغا ئېھتىياج-
لىق بولغان. ئامېرىكىلىق تۈركولوگ دېنىس
سىنور «ئىچكى قۇرۇقلۇق ئاسىيا» ناملىق
ئەسىرىنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن 14-بابىدا
مۇنداق يازغان: «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدى-
غان مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە ھېچ-
قايسىسى ئۇيغۇرلار يەتكەن مەدەنىيەت دەرى-
جىسىگە يېتىپ باقمىغان». «ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىل-ئۇسلۇبى،
سەنئىتى ۋە سەلتەنەت جەھەتتىن يەنىلا
تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان (جۈملىدىن مۇ-
سۇلمان بولمىغان) باشقا خەلقلەر ئىچىدە يۇ-
قىرى ئىدى»، «باشقا كۆپ قىسىم مۇسۇل-
مان تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار
كۆپ تەرەپتىن ئۈستۈنرەك بولغان بىر مەدە-
نىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان»، «شۇنىسى
ئېنىقكى، (ئۇيغۇرلار) تېخى يېتىلمىگەن موڭغۇل
ئىمپېرىيىسىگە ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن مەدەنى-
يەتلىرىنى تارقاتقان، موڭغۇل ھۆكۈمىتىنىڭ
شەكىللىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينى-
غان» ① ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مانا شۇنداق
يۈكسەك نوپۇزى تۆپەيلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى،
تىل-يېزىقى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى تۈركلەش-
تۈرگەن ۋە دىنىي ئىسلامغا مايىل قىلغان مۇ-
ھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. 14-ئەسىردىكى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ
مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش
ئاساسىدا، چاغاتاي خانلىقىدىكى مەدەنىيەت
ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك
ئاساس بولغان. «قىسسەئى رابغۇزى» مانا
شۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا بارلىققا
كەلگەن بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى مەدە-
نىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەھسۇلى، شۇنداقلا چاغا-
تاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يىرىك نامايەن-
دىسى بولۇشتەك دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە
ئىگە. ئەسەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ۋە
مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى
چوڭ ئىشلار ۋە تارىخىي مەسىلىلەر بىرونزا
يولى، يىپەك يولى قاتارلىق قەدىمكى مۇنبەت
مەنبە ئاساسىغا قويۇلۇپ، مۇئەييەن دائىرە
ئىچىدە ۋە ئۆز نۆۋىتىدە نۇقتىلىق بايان قىلىن-
غان، شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى سا-
پاسىنى ئۆستۈرۈش؛ خەلقنىڭ نورمال دىنىي
ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ماس كېلىدى-
غان ۋە مەڭگۈ گۈللەپ ياشنايدىغان مەدەنى-
يەت يارىتىش مەقسەت قىلىنغان. ئەسەرگە
ئەڭ زور دەرىجىدە ئىنچام كىرگۈزۈلگەن ئىن-
سانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئىنسانلار تارىخىغا ئا-

ئىت تارىخىي پاكىتلارنىڭ خېلى بىر قىسمى كې-
يىن بايقالغان تارىخىي يازما مەنبە ۋە
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما پاكىتلىرى بىلەن ئا-
ساسەن ئوخشاش چىقتى. تارىخنىڭ، ۋاقىتنىڭ
سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن بۇ
ئەسەر بارغانسېرى ئېشىۋاتقان دۇنياۋى شۆھ-
رىتى ئارقىلىق ئەينى دەۋر پەن-مەدەنىيىتى
ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي قارىشىنى ئاساس قىلغان
يېڭى ئېقىمنىڭ شانلىق نامايەندىسى ئىكەنلى-
كىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. ئەسەردە ئەينى
دەۋر ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىلىق ھېچقانداق يازما
مەلۇمات بېرىلمىگەن، لېكىن ئەسەرنىڭ پۈت-
كۈل روھىي ماھىيىتى، تىل-ئۇسلۇبى ۋە ئىجا-
دىيەت ئۇنسۇرلىرى تامامەن دېگۈدەك
14-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى
ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇئەللىپ جەمئىيەت تا-
رىخى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى ئىسلام دىنى
مەۋقەسىدە بايان قىلغاچقا، 7-ئەسىردىن
كېيىنكى ئەھۋاللارنى نەزەردىن ساقىت قىل-
غان. شۇنىڭدەك، كېيىنكى تارىخىي-ئىجتىمائىي
ئەھۋاللارنىڭ دۇنيا تارىخى ۋە ئىسلام دۇنيا-
سىدا ئاللىبۇرۇن يازما مەنبە سۈپىتىدە بارلىققا
كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنى تەكرارلىماسلىقنى
كۆزدە تۇتقان. بۇ ئەسەرنىڭ 12-ئەسىردە
پەيدا بولغان تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمى پۈتكۈل
ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەنىۋى ھاياتىنى
ئۆز تەسىرىگە ئالغان 14-ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا يېزىلىشى زور تارىخىي ئالاھىدىلىك ۋە
ئىجادىي قەيسەرلىك. ئوتتۇرا ئاسىيالىق
تەسەۋۋۇپچى شائىر خوجا ئەھمەت يەسەۋى
(ۋاپاتى 1166-يىلى) تەرىپىدىن تۈركىي
جانلىق تىلدا يېزىلغان «دىۋان ھېكمەت»
ناملىق ئەسەر خەلقپەرۋەرلىكنىڭ روھانىيەت-
چىلىك بىلەن بىرلىشىش خاھىشىنى ئىپادىلى-
گەن. بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خورا-
سان تەرەپلەردىكى سوپىزم ئېقىمىنىڭ تەسى-
رى چاغاتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىنلارغا،
جۈملىدىن موغۇلىستان (شىنجاڭ) رايونىغىمۇ
ئېقىپ كىرىپ، دىنىي ئېتىقادتىكى ھەر خىل
ئېقىملارنىڭ كەسكىن كۆرەش ۋە مۇنازىرىلىرى-
نى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇنداقلا بۇ جايلار-
دىكى ئاھالىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ئىسلام دىنى-
نىڭ سىڭىشىگە سەۋەب بولغان. يەنە بىر
تەرەپتىن، باغدادنى مەركەز قىلغان ئەرەب
ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (750 — 1258) نىڭ
ئاجىزلىشىشى ۋە ھۇلاكۇخان بىننى قۇبلايخان
بىننى چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلىشى تۈ-
پەيلىدىن، ئاللىبۇرۇن ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە
ئەدەبىياتىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن پارس تىلى ۋە
ئەدەبىياتى باش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدە بۇخارانى مەر-
كەز قىلغان ئەدەبىيات پارس تىلى بولۇشقا
باشلىغان. بۇ ھال تۈركىي تىلدىكى ئەدەبى-
ياتقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇ-
نى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى دەۋر قىلغان ھالدا
ئىككى خىل ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەن.
مانا شۇنداق ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىك كۆ-
رەشنىڭ ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە، يەسەۋى-
نىڭ شاگىرتى ئەدىب ئەخمەت بىن مەھمۇت
يۈكنەكى يازغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»
بىلەن «قىسسەئى رابغۇزى» ئارقىمۇ ئارقا
مەيدانغا كەلگەن. رابغۇزى ئۆزىنىڭ بىلىش
نەزەرىيىسى، بەخت قارشى، ئىجتىمائىي
تەشەببۇسلىرىنى فانتىزملىق (تەبىئەت ئىلاھ-
چىلىق) تەبىئەت پەلسەپىسى بويىچە ھەم
تارىخىي، ھەم مەنتىقىي، شۇنداقلا ئوبرازلىق
ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، تەبىئەت ۋە
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ كارمو-
نىڭ بىردەكلىكى كۆزقارىشىنى ئالاھىدە كەۋ-
دىلىك ئىپادىلىگەن. دۇنيانى ۋە تەبىئەتنى
دۇنيا ھادىسىلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى
ئارقىلىق ئىزاھلاپ، تەسەۋۋۇپچىلىق، تەركى-
دۇنياچىلىق، ئۈمىدسىزلىك كۆزقاراشلىرىدىن
ھاياتلىق كۆزقارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان؛
رېئال ئالەمنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئەپسانە-رى-
ۋايەتلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان، دېموك-
راتىك ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرۈپ رېئاللىققا

يۈزلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق مۇھىتتا رابغۇزىنىڭ بۇ خىل فانتىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى مۇئەييەن ئىلغارلىققا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىلىم-پەندىكى ھەر خىل بىلىملەرنىڭ گىرەلەشكەن، يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان كۆرەش سەھنىسىدۇر. بولۇپمۇ باغداد ئەرەب تىلىدا، بۇخارا پارس تىلىدا، قەشقەر خاقانىيە تىلىدا ئەدەبىيات يارىتىپ، « ئەرەبىي ھەسەلەست، پارىسىي شېكەرەسىت، تۈركىي ھۈنەرەست » دېگەن بەس-مۇنازىرە بارلىققا كەلگەن تارىخىي شارائىتتا، رابغۇزىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا بۇ ئەسەرنى يېزىشى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش، ئانا تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە.

« قىسەسۇل رابغۇزى » نىڭ مەزمۇنى ۋە تىل ئۇسلۇبىغا قاراپ، 13-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تىل-ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى ئاساسى ۋە ئىجادىي يېڭىلىقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش قىيىن ئەمەس. رابغۇزى ئۆز ئىجادىيىتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاساسىغا قويۇپ، ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي تالانتىنى نامايىش قىلغان ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. مەسىلەن: « قىسەسۇل رابغۇزى » دىكى بەزى نەسرىي تېكىست ۋە نەزمىلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن « قۇتادغۇبىلىك » داستانىدەك مەشھۇر مەنبەلەرنىڭ تەسىرىدە يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 — 1020) جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەب دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ۋە « قۇرئان كەرىم » دىكى مەنبەلەرگە ئاساسەن پارس تىلىدا تۇنجى بولۇپ « يۈسۈپ-زۇلەيخا » داستانىنى يازغان بولسا، رابغۇزى بۇ دۇنياۋى تېمىنىڭ مۇئەييەن ئېستېتىك ئەسىرى بىلەن ئېستېتىك ئىجادىي ئىزدىنىش ئارقىلىق « قىسەسۇل رابغۇزى » ئەسىرىدە « يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى » غا خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ، 13-، 14-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن. جاھان ئەدەبىياتىغا مەشھۇر بۇ قىسسە ۋە « قىسەسۇل رابغۇزى » دىكى باشقا قىسسەلەر كېيىنكى يازغۇچى-شائىرلارنى مەپتۇن قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئەلىشىر ناۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ « كۇللىيات دىۋان » غا كىرگۈزۈلگەن « مەنقۇتتىيەر » ، « تارىخىي ئەنبىيا » ناملىق ئەسەرلىرى « قىسەسۇل رابغۇزى » ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ئاغزاكى ۋە يازما مەنبەلەر تەسىرىدە يېزىلغان. ھەتتا 19-ئەسىردە ئاقسۇدا ياشاپ ئۆتكەن موللا مۇسا سايرامى « تارىخىي ھەمىدى » ناملىق كىتابىدا « ئەسھابۇل كەھف » توغرىسىدا توختالغانلىقى دىققەتكە سازاۋەر. دېمەك، رابغۇزى ئۆلمەس ئەدەبىيات ئەنئەنىسى يارىتىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ۋە تەرەققىياتىغا، مەدەنىيەت تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

« قىسەسۇل رابغۇزى » تار مەنىسى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى كۆپ خىل پەنلەر ۋە ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ئىلىم-پەن ئېلېمېنتلىرىغا باي بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاقىلىرىنى كېڭەيتىش، ئېچىۋېتىش تەشەببۇسلىرى، ھەققىي ھاياتقا باغلانغان پايدىلىق تەكلىپ ۋە مەسلىھەتلەر تولۇپ-تاشقان. ئەسەردىكى دۇنيا تارىخىغا ئائىت رىۋايەت-پاكىتلاردىن، دىنىي مەسىلىلەردىكى سوئال-جاۋابلاردىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئائىت مەسىلىلەرنى ۋە رېئال ئىنسانلارنىڭ ھەققىي ھېس-تۇيغۇسىنى چۈشىنىمىز. مەسىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكلەنگەن نەرسىنى يەپ جەننەتتىن

ھەيدەلگەنلىكى، ھەزرىتى لوقماننىڭ تام كامىرىدىكى قۇشقاچ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن زىندانغا چۈشكەنلىكى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز چىرايىغا تەمەننا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى پۈچەك پۇلغا سېتىلغانلىقىدەك تىلى گۈزەل، نەپىس، سىيۇژىتى قىزىقارلىق ۋە ئەگرى-توقاي ۋەقەلەر ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاقتا تەربىيەلەش ۋە ئورتاق ياخشىلىق قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. 28-قىسسەدە «ھەزرىتى لوقمان ھەبەش بولۇپ، ئەسلى قۇل ئىدى، خۇدايىتائالاغا كۆپ تائەت-ئىبادەت قىلغانلىقتىن 3500 يىل ئۆمۈر كۆردى. بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا ئاللاتائالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتتى. پەرىشتە ئېيتتىكى، 〈ئى لوقمان، خالىساڭ پەيغەمبەر بول، خالىساڭ ئىلمى ھېكمەتتىن تەلىم بېرەي〉 دېدى. ھەزرىتى لوقمان دېدى: 〈پەيغەمبەرلىك بەك ئۇلۇغ يولدۇر، ئىلمى ھېكمەت كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ〉. پەرىشتە ئۇنىڭغا ئىلىم-ھېكمەتتىن تەلىم بەردى. بارلىق پادىشاھلار، ئالىملار ئۇنىڭغا مۇھتاج بولدى» دېيىلگەن. مۇئەللىپ ئىلىم-پەننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئەنە شۇنداق تەسىرلىك، ئىخچام، ئاممىباب تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلققە پايدا يەتكۈزۈشنى كۆزدە تۇتقان. «23-قىسسە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» دا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھېچكىشىگە ئېيتمىغان ئىچكى سىرىنى ئېيتىپ: «ئىشكىتىن بىر ئادەم كىرسە، شۇنچە كاتتا پادىشاھ بولسامۇ قولىغا قارايمەن. قولىدا ئالمىدەك بىر نەرسە بولسا، ئۇ كۆزۈمگە باشقىچىرەك ئىللىق كۆرۈنىدۇ. قۇرۇق قول بولسا كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنىدۇ. كۆزۈمگە ئىللىق كۆرۈنگەنلەرگە ئىلتىپات قىلىمەن، قۇرۇق قوللارغا قارىغىممۇ كەلمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق پاك-دىيانەتلىك بولۇش، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقتەك ئاممىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردە يەنە ھەرقايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەر ھۈنەر-كەسىپ بىلەن، كۆپرەكى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، كىچىكىدىن جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ بولۇپ، تۇرمۇشتا پىشقانلىقى، تۇرمۇش ساۋاتى مول بولۇپ، كېيىنچە دىنىي ئىلىم ئىگىلىگەنلىكى ۋە خەلقنى تەشكىللەش، تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىگەنلىكى، ئۇرۇش ۋە سۇلھى قىلىش ئۇسۇللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەنلىكى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ «رەسۇلۇللا ئەر كىشى ئالماقچى بولغان ئايال بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن ئېلىشنى سۈننەت قىلدى»، «ئەرەب بولغان ئادەم بىلەن غەيرى ئەرەب بولغان ئادەمنىڭ قايسى تەقۋادار بولسا، شۇ ئەۋزەل» دېگەن بايانلار ۋەرەسۇلۇللانىڭ ئەدەب-ئەخلاقى توغرىسىدىكى ئىنسانىي سۈپەتلەر كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە دائىم ئۇچرايدىغان مەسەل-تەمسىللەر كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. ئىدىيە روشەن ۋە ساغلام، تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇلغاچقا، ئەمەلىي ئىستېمال ئۈنۈمى زور بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «〈قىسسەئى رابغوزى〉» نىڭ مۇنداق يۈكسەك ئابرويغا سازاۋەر بولالىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مەزمۇن جەھەتتىكى بايلىقىدىن تاشقىرى، شەكىل ۋە ئۇسلۇبتا ناھايىتى قويۇق مىللىيلىقتا، كەڭ خەلقچىلىككە، ئاممىبابلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. شەرق دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان قىسسە، رىۋايەت، قەدىمكى مىس (ئەپسانە) ۋە چۆچەك خاراكتېرىدىكى ئېپىزوتلار رومانغا شۇ قەدەر كۈچلۈك ئېستېتىك كۈچ ئاتا قىلغانكى، ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز مەپتۇن بولىدۇ. بۇ ئېپىزوتلارغا سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر كىتابخانلارنى ئۆزى ياشاپ تۇرغان دۇنيا ۋە رېئال جەمئىيەت توغرىسىدا، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدا، ھەتتا شەخسەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى

توغرىسىدا چوڭقۇر خىيالغا سالىدۇ؛ ساماۋىي
مەنزىرىلەر بىلەن رېئال جەمئىيەت، ئۇزاق
ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنكى كۈن، تەبىئەت بى-
لەن ئىنسان، يەنە ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەت
ۋەھاكازالار ھەققىدە ئىختىيارسىز ئويلاندۇرىدۇ »
( « تارىم » ژۇرنىلى 1994-يىل 3-سان
122-بەت ) . قىسقىسى، ئەسەرنىڭ ئىچكى
ئىبتىتىك قاتلىمىدا ناھايىتى مول تارىخ ئىزنال-
رى، ئەينى دەۋر رېئاللىقى، كەلگۈسى
تەسەۋۋۇر ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش قا-
تارلىق مەزمۇنلار تولۇپ تاشقان بولۇپ، پۈت-
كۈل ئالەم ۋە ئىنسانىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە .

## 5. ئەسەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

13-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدە-
نىيىتى شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات-
نىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئالەمنىڭ
خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى، ئالەمنىڭ
مەنبەسى ئۈزلۈكسىز زىددىيەت ۋە بىرلىك
ئىچىدە دائىم ھەرىكەتلىنىپ، يېڭىلىنىپ، ئۆز-
گىرىپ تۇرىدىغانلىقى، ھېچنەرسىنىڭ مۇتلەق
ئەمەسلىكى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. دىنىي
ئىسلامدا بايان قىلىش مۇتلەق شەرت ھېساب-
لانغان تېمىلارنى ئىپادىلەش بىلەن چەكلىنىپ
قالماي، بەلكى خىلمۇ خىل تۇر-شەكىل ئارقى-
لىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە يېقىندىن ماسلى-
شىپ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىقتىساد،
مەدەنىي ھايات، تۇرمۇش ۋە مىللىي ئۆرۈپ-
ئادەتلەرگە باغلانغان مىللىي ئالاھىدىلىك،
ئىجتىمائىي ئاڭ-پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن
ھالدا ئوپتىمىزملىق روھ، دېموكراتىك ئىدىيە
ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار
ئەدەبىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقى بىلەن
خاراكتېرلىنىدۇ. بولۇپمۇ « قىسسەئى رابغۇزى »
ناملىق شاھ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئورنى زور،
ئىناۋىتى يۇقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق
ئەللىرىدە قىزغىن سۆيۈپ ئەتىۋارلانغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسى
بولغان « قۇتادغۇبىلىك » داستانىدىن 240
يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەسەر
ئۇيغۇر پروزا ژانىرىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى،
شۇنداقلا 14-ئەسىردىكى دۇنياۋى ئەدەبىيات-
نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ يۈكسەك
نەمۇنىسى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز، بۇ
ئەسەر ھەتتا پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى
ئېنگېلس: « ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى
شائىرى، شۇنداقلا يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ دەس-
لەپكى شائىرى » دەپ ئاتىغان، ئىتالىيە
ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىنىڭ بۇ-
يۈك پېشۋاسى ئالىگېر دانى-
تې ( 1265 — 1321 ) نىڭ دۇنياغا مەشھۇر
« ئىلاھ كومېدىيىسى » ناملىق ئەسىرىدىن
ئون يىل بالدۇر مەيدانغا كەلگەن①. ئۆتكۈر
ئەپەندى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت
ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىنى مۇقەررەر-
لىككە ئىگە قىلىدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغاندا
مۇنداق دەيدۇ: « بۇ قانۇنىيەت نېمە؟ بۇ
قانۇنىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر مىللەت
ئەدەبىياتى دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن ئۆز خەلقىگە، ئۆز ئېلىگە يۈزلىنىشى
لازىم. يەنى ھەربىر مىللەت ئۆز ئەدەبى-
يات-سەنئىتىنى ئۆز زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىزغا،
كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە قىلالىغاندا، ئاشۇ
مىللىيلىقى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن
باشقىلارغا تونۇلالايدۇ، جاھانغا يۈزلىنەلەي-
دۇ. » ( « تارىم » ژۇرنىلى 1994-يىل 3-
سان 125-بەت ) . « قىسسەئى رابغۇزى » نىڭ
دۇنياغا يۈزلىنىشى ۋە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلىشىدىكى
مۇئەييەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىچىگە يەنە
بۇ ئەسەرنىڭ كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىن-
غانلىقى، چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ۋە يۈكسەك
ئابرويغا ئېرىشكەنلىكى، ھەتتا بارغانسېرى
شۆھرىتى ئېشىۋاتقانلىقىدەك ئامىللارنىمۇ قو-
شۇشقا بولىدۇ. شەكسىزكى، رابغۇزى مۇسۇل-
مان دۇنياسى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدە-

نىيىتىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق بابلىرىدىن بىرىنى يېزىپ چىققان. شۇڭا، «قىسسەئى رابغۇزى» ھازىرقى زاماندىكى سېلىشتۇرما تارىخ ۋە ئەدەبىيات ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبە، چاغاتاي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتىنى دەلىللەش، ئۇيغۇر تىل تارىخىنى تەكشۈرۈشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم مەنبە. ئەسەرنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىن مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» تىلى 13-، 14-ئەسىرلەردە يەنىلا ئەدەبىي تىل بولۇپ كەلگەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىلەرمۇ ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. مۇئەللىپ خاقانىيە تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى قايتىدىن جەۋلانغا كەلتۈرۈپ ۋە بېيىتىپ، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئايلاندۇرغان. چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دېگىنىمىز — فونېتىكا ۋە گراماتىك جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان، لېكىن لېكسىكا جەھەتتىن ئەرەب-پارس تىل ئامىللىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلغان تىلنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ 14-، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇرغۇنلىغان تۈركولوگلار ئۇزاق يىللىق تەتقىقاتلىرى ئارقىلىق، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى تۈپ ماھىيىتى بىلەن «شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. بۇ خۇلاسىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى مۇنداق: (1) چاغاتاي ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. (2) چاغاتاي ئەدەبىي تىلى تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ پارچىلىنىش كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى مىللىي روھنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىكىسىدا ئەرەب-پارس تىلى مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. (3) چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر-قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى («شەرقىي تۈركىي») دىئالېكت ئاساس بولغان، «غەربىي تۈركىي — يەنى ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىنىڭمۇ ئامىللىرى ساقلانغان. پېشقەدەم تەتقىقاتچى، شائىر ئىمىن تۇرسۇن مۇنداق دېگەن: «ئىلمىي تەتقىقاتتا چاغاتاي تىلى دېيىلگەن نام تۈركىي ئەدەبىي تىل بولغان خاقانىيە ئەدەبىي تىلىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىككىنچى بىر خىل ئاتىلىشىدۇر» ①. «10-، 12-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خاقانىيە تىلى دەپ ئاتىلىشى پەقەت ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەشەببۇس قىلغان تىل دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان. چاغاتاي تىلى دېگەن بۇ ئاتالغۇمۇ بىرىنچىدىن، چاغاتاي ئىلىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئىككىنچىدىن چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا چاغاتاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىندا قوللىنىلىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئېيتىلغان. ئۇيغۇر تىلى ئەينى زاماندا چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بەزىدە يەنە كونا ئەنئەنىسى بويىچە تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىل بىلەن تۈركىي تىلى دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئەينى زاماندا تۈرلەندۈرۈش، سۈپەتلەش ئۈچۈنلا قوللىنىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماھىيەتتە بىر تىلدۇر) دەپمۇ ئاتالغان» ①. تۈركىيىلىك تىلشۇناس، پروفېسسور مۇھەممەد فۇئاد كوپرولوزادە: «قىسسەئى رابغۇزى» تىلىنى تىل نۇقتىسىدىن «‹قۇتادغۇبىلىك›، ‹دىۋان ھېكمەت›، ‹ئەتەبەتۇل ھەقايىق›قا مەنسۇپ بولغان تىل دائىرىسىگە كىرگۈزسەك ھېچبىر خاتا قىلغان بولمايمىز. خاقانىيە تىلىنى 15-ئەسىرنىڭ چاغاتاي تىلىغا باغلاشتا ‹قىسسەئى رابغۇزى› بەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەن ②. دېمەك، چاغاتاي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى «قىسسەئى رابغۇزى» دەك زور

ھەجىملىك ئەسەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈ-
رۈش تامامەن مۇمكىن. يۇقىرىقى ئىلمىي تەت-
قىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، چاغاتاي تىلى
14-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن، چاغاتاي تىلى-
نى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتاش مۇۋاپىق
دېگەن يېڭى ئىككى ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە
بولىمىز. كۆپلىگەن دەلىللەرگە ئاساسەن
رابغۇزىنى چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساس-
چىسى ۋە ياراتقۇچىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈشكە بولىدۇ. رابغۇزى ئەينى دەۋردىكى
مەدھىيەۋاز ئوردا شائىرلىرى ۋە سۇپىزم
تەرەپدارلىرىنىڭ ئەرەب-پەرس تىللىرىغا قارى-
غۇلارچە چوقۇنۇش ئاساسىدا يېڭىلىقنى قوبۇل
قىلىش تەشەببۇسلىرىغا قارشى ھالدا، ئانا
تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ
پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان.
شۇنداقلا، ئەرەب تىلى ماھارىتىنى نامايىش
قىلىش ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى مەشھۇر ئە-
رەب-پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي تىلى بى-
لەن تەڭ تۇرالايدىغان بەزى ئەرەبچە شې-
ئىرلارنى يېزىپ ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. راب-
غۇزنىڭ بۇنداق ئىجادىي روھى ۋە ئەمەلىيىتى
ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەر-
ۋەر يازغۇچى ھەم شائىر ئىكەنلىكىنى، 14-
ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا يېڭى
سەھىپە ئاچقان پارلاق نامايەندە ئىكەنلىكىنى
تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

خەلقئارادىكى نۇرغۇن ئالىملار قىممەتلىك
ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەسەرگە ئۆز
چۈشەنچىلىرى بويىچە باھا بېرىپ كەلدى،
نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.
يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى تەتقىقاتلار، بو-
لۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەتقىقاتلار ئارقى-
لىق بەزى قاراشلار تۈزىتىلىپ، دۇنياۋى تەت-
قىقات نەتىجىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە يېڭى
پەللىگە كۆتۈردى. نۆۋەتتە «قىسسەئى راب-
غۇزى» گە دائىر نۇرغۇن تارىخىي ۋە ئىلمىي
مەسىلىلەر يورۇتۇلغان، ھەتتا بۇ خىل تەتقى-
قات يەنىلا قانات يېيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن،
ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىيا-
تىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى تېخى چوڭقۇر
تەتقىق قىلىنىپ، بىر باشقا چىقمىدى، خەلقئا-
رالىق يېڭى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىمۇ كەم بولۇۋا-
تىدۇ، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ شاھ
ئەسەرلەردىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»
باغدادتا ئەرەب تىلىدا، «قۇتادغۇبىلىك»
داستانى قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا
يېزىلىپ، ئەسلى نۇسخىلىرى تېپىلمىغانلىقى،
كېيىنكى كۆچۈرۈلگەن بەزى نۇسخىلىرى چاغا-
تاي تىلىدا بولۇپ، چەت ئەللەردىن تېپىلغان-
لىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك، مەلۇم سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن، خېلى بىر مەزگىل تالاش-تارتىش
يۈز بېرىپ بېسىقىغا چۈشتى. ھالبۇكى، چاغاتاي
تىلىدا خارەزمدە يېزىلغان «قىسسەئى رابغۇ-
زى» مۇ تالاش-تارتىشتىن خالىي ئەمەس.
دەرۋەقە، چاغاتاي ئەدەبىياتى زامان جە-
ھەتتىن ئۇزاقلىقى، ماكان جەھەتتىن كەڭلى-
كى، مەزمۇن جەھەتتىن بايلىقى، شەكىل-
ئۇسلۇب جەھەتتىن خىلمۇ خىللىقى ۋە تۈركىي
خەلقلەرگە ئورتاقلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ،
لېكىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ۋە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن تۈر-
كىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەرنىڭ
مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئەمەس، تۈركىي
خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىمۇ
ئەمەس، مۇسۇلمان يادىكارلىقى تېخىمۇ ئە-
مەس. ئەسەردىكى يازما پاكىتلاردىن ناھا-
يىتى ئېنىقكى، «قىسسەئى رابغۇزى» —
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 14-ئەسىردىكى مىللىي
ئۇسلۇبىغا خاس بەدىئىي ئەسەر. يەنە شۇ-
نى ئوچۇق ئېيتىش زۆرۈركى، بۇ ئەسەر
ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام مەدەنىيە-
تىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى دىنىي يول بىلەن قوبۇل
قىلىپ تۈزگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ئەسەر ئە-
مەس، ياكى باشقا تىلدىكى بىرەر كىتابنىڭ
كۆچۈرۈلمىسى، تەرجىمىسى، ھەتتا «قۇرئان
كەرىم» نىڭ شەرھلىنىشى ئەمەس. بەلكى
بۇ ئەسەر ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بويىچە

تېما، ئاساسىي ئىدىيە، بەدىئىي شەكىل،
تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئەينى دەۋردىكى
ئىلىم-پەن ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ ئىلغار
تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا
خاس مىللىي ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلغان، جارى
قىلدۇرغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان كامىل ئى-
جادىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. مۇئەللىپىنىڭ
«ئىستەكلىككە ئاسان بولسۇن تېپ، ‹قىس-
سەئى رابغۇزى› ئات قويدۇم» دېگەن
مەشھۇر سۆزى ۋە ئەسەردىكى بەزى باياز-
لاردىن قارىغاندا رابغۇزى مۇھىم تارىخىي
ۋەقەلەرنىڭ يازما مەنبەلەردە بىر-بىرىدىن
پەرقلەنگەنلىكىنى، بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ
بارلىقىنى بايقاپ، تولۇقلاش، توغرىلاش ۋە ئۆ-
زىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دادىل
ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى يېزىپ
ئۆز ئىسمىنى چاتقان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
14-ئەسىردىكى ئالىمى ناسىرىددىن بۇرھانە-
ددىن ئوغلى رابغۇزى مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ،
دىنشۇناس، ھەدىسشۇناس، تارىخشۇناس
ئەدەبىياتشۇناس، ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچى، شا-
ئىر، خەتتات ۋە تويۇزلۇق جامائەت ئەرباپى
بولۇش سۈپىتى بىلەن مەڭگۈ پەخىرلىنىشىمىز-
گە ئەرزىيدۇ.

«قىسسەئى رابغۇزى» ئۈستىدە ئىزدى-
نىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا بۇ قىممەتلىك ئە-
دەبىي مىراسنى ئەجدادلىرىمىز قەدىرلىگەنـ-
دەك تەۋەرۈك ئورنىدا قەدىرلەپ، توغرا با-
ھالاپ، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدا
تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، تەتقىق قىلىشقا تې-
گىشلىك نۇرغۇن ئىجادىي تەرەپلەر بار. بى-
رىنچىدىن، مۇئەللىپىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك،
مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىغا چوڭقۇر قايىل بولى-
مىز. رابغۇزى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە
ئەينى دەۋردە قەشقەرگە قاراشلىق خارەزم-
دە ياشاپ ئۆتكەن، نەسەبى ئۇيغۇر، ئۇ
پۈتكۈل ئۆمرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە، ئى-
لىم-پەنگە ۋە جامائەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.
ئىككىنچىدىن، مۇئەللىپىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە
ئىزدىنىش روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.
ئەسەرنىڭ كەڭ سەھىپىلىرىدە ھەر خىل
يازما مەنبەلەر ۋە مول خەلق ئەدەبىياتى
نەمۇنىلىرى ئاساس قىلىنغان. ئەسەردىكى
ئالدىنقى قىسسەلەردە ھېكمەتلىك سۆز،
مەسەل-تەمسىللەر، شېئىرلار كۆپ بولۇپ،
ئوي-پىكىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئەسەرنىڭ
بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينى-
غان، كېيىنكى قىسسەلەردە «قۇرئان كە-
رىم» ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان مىساللار كۆپ
بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى كۈ-
چەيتكەن. مۇئەللىپ تىلغا ئالغان مەسىلىلەر-
گە دائىر پاكىت-مەنبەلەر 2-3 خىل بولىسمۇ،
ئادەتتە قىسقا ۋە ئەينەن كۆرسەتكەن.
بەزىلىرىدە ئۆز قارىشىنى ئېنىق قويغان، بە-
زىلىرىدە «توغرىسىنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ»
دېگەن. مەسىلەن، «42-قىسسە، ھەزرىتى
ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋەقەلىرىنىڭ بايا-
نى»دا: «ھەق سۇبھانە ۋەتائالا ئۇنىڭغا
پەيغەمبەرلىك بەخش ئەتتى» دېگەن بول-
سا، ئارقىدىن يەنە «ھەزرىتى ئىسكەندەر
پەيغەمبەر ئەمەس، پادىشاھ ئىدى» دەپ
«قۇرئان كەرىم»دىكى «سۈرە كەئف» -
نىڭ 84-، 85-ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈر-
گەن. مۇئەللىپنىڭ تارىختىن بېرى چىگىش بو-
لۇپ كەلگەن زور مەسىلىلەرنى يازما مەن-
بەلەرگە ۋە ئۆز تەتقىقاتىغا باغلاپ، بىرقەدەر
ئېنىقلىق، ئاساسىي پۇختا ۋە ئامىباب ئوت-
تۇرىغا قويۇشى ئەينى دەۋر ئىلمىي تەتقىقاتى-
دىكى ئىلغار ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن،
مۇئەللىپ ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىنى ھەر
تەرەپلىمە يورۇتۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېتەر-
لىك ئاساس سالغان. مەلۇمكى، ماددىي
مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت
ھەرقانداق شارائىتتا ماس قەدەمدە راۋاجلى-
نىدۇ، بىر-بىرىگە تەقەززا بولىدۇ. تۇرمۇشتا
ماددىي ئۈستۈنلۈك بىلەن مەنىۋى يۈكسەكلىك
بىر گەۋدىگە ئايلانسا، ئاندىن ئادەم تولۇق

مەدەنىي ھاياتقا كىرگەن بولىدۇ. ماددىي
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاساس، مەنىۋى مە-
دەنىيەت قۇرۇلۇشى كاپالەت. نۆۋەتتە جۇڭگو-
چە سوتسىيالىزم قۇرۇشمۇ، تېگى-تەكتىدىن
ئالغاندا بىر جۈملە سۆز — ماددىي مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش دېمەكتۇر.
بۇ ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى
مەقسەت قىلىدۇ. كىشلەرنىڭ مەنىۋى ساغ-
لاملىقى ئىدىيە-ئەخلاق، پەن-مەدەنىيەت
ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتى ئۆ-
چۈر ۋە ئېلېكترون دەۋرىگە كىرگەن ھازىرقى
شارائىتتا كىشلەرنى ئەخلاقىي سۈپەت،
ساغلام ھېسسىيات ۋە ئىجتىمائىي روھتا تەربى-
يىلەش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرگە تەنقىدىي
ۋارىسلىق قىلىپ ئۆگەنگەندە ئادەم بولۇشنىڭ
يولىنى ئۆگىنىدۇ. ئېسىل ئەخلاقىي قاراش،
قىزغىن ھېسسىيات گۈزەللىكى، ساغلام ئىجتىما-
ئىي تەربىيە بەخش ئېتەلەيدۇ. تۆتىنچىدىن،
بۇ ئەسەر بەدىئىي ئىجادىيەتچىلەرگە يېڭى
تېما، يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بەخش
ئېتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يىللىرىدىكى ئىجتى-
مائىي مەسىلىلەرنى، ئەخلاق ۋە ھېسسىيات
قاتارلىقلارنى قانداق يورۇتۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.
يېڭىلىق يارىتىش يولىدا تېخىمۇ چوڭ يۈرەكلىك
بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئىجادىيەتتە يېڭى سەۋى-
يە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئېسىل ئە-
سەرلەرنى يارىتىشقا ئىرادە باغلىغانلار بۇ
ئەسەرنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە ئىلھام
ئېلىپ دادىل ئىزدەنسە بولىدۇ. لېكىن مۇئەل-
لىپنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تارىخىي چەكلىمە-
لىك تۈپەيلىدىن ئەينى دەۋردە ئەۋج ئالغان
قويۇق تەقدىرچىلىك، فېئودال-ئاقسۆڭەكلەر
ھېسسىياتى ۋە ئىدىيىسى، نوقۇل ئىسلام دىنى
قارىشى قاتارلىق ئىدىيىۋى تەسىرلەر بار.
بۇنداق نەرسىلەرگە ئەلۋەتتە تارىخىي ماتې-
رىيالىزملىق قاراش بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز
كېرەك. ھالبۇكى، بۇلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە
ئەسەرگە بىر خىل ئەنئەنىۋى ھەسرەتلىك

گۈزەللىك ئاتا قىلغان. بۇ ئەسەر ئۈستىدە
ئومۇمىيۈزلۈك توختالماق قىيىن، شۇنداقتىمۇ
ئەقەللىي ۋە مۇۋاپىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ
ئەسەردىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىۋېلىش مۇم-
كىن: (1) مۇئەللىپ 7-ئەسىرگىچە بولغان
دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنى پارچىلاپ ياكى
قىسقارتىپ ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ھالىت-
تە يورۇتقان؛ (2) ئۆز ئالدىغا بىر پۈتۈن
مەدەنىيەت تارىخىي قاراش سىستېمىسىنى
شەكىللەندۈرۈپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاقىلىرى-
نى كېڭەيتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىم-
لىق ۋە تەرەققىيات قارىشىنى ئىلگىرى سۈر-
گەن؛ (3) تارىخىي ۋە يازما مەنبەلەر ئا-
ساسىدا ۋەقە، ئىدىيە، كاتېگورىيە، ئۇقۇم ۋە
پاكىتلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئېچىپ بەر-
گەن؛ (4) ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىيى-
تىنى ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىغا قويۇپ ئە-
زاھلىغان. مىللىي خاراكتېر گەۋدىلەنگەن،
مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي پۇراق نامايەن بول-
غان؛ (5) مۇئەللىپنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە
سېلىشتۇرما تەتقىقات پوزىتسىيىسى ئەستايىدىل،
ئاساسىي ئىدىيە ساغلام، تەتقىقات ئۇسۇلى
جانلىق ۋە جاپالىق، ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك؛
(7) مۇئەللىپنىڭ بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى،
يېزىقچىلىق تەجرىبىسى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى
مول بولۇپ، ئەسەر ئاممىباب، قىزىقارلىق يې-
زىلغان. مۇشۇ ژانىردىكى ھەرقانداق تىلدا
يېزىلغان يىرىك ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا،
تەڭداشسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغا بۇ ئەسەر
دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم يازما مەنبەسى
بولۇپ، تارىخىي، ئىلمىي، بەدىئىي ياكى
ئېستېتىكىلىق قىممىتى جەھەتتىن جۇڭخۇا مە-
دەنىيەت خەزىنىسىدىكى دۇنياۋى شۆھرەتكە
ئىگە ئېسىل مەدەنىي مىراس. شۇڭا، بۇ ئە-
سەرگە «تۈركىي تىللار دىۋانى»،
«قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاتارىدىن تېگىش-
لىك تارىخىي ئورۇن ۋە ئالاھىدە تەتقىقات
پۇرسىتى بېرىشىمىز زۆرۈر.

# بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تەھرىرلىك خىزمىتى

تۇرسۇن ئابدۇللا

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. سۈپەت ۋە ئۈنۈم نەشرىيات خىزمىتىنىڭ جېنى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، قانداق قىلغاندا، مۇھەررىرلەرنىڭ بازار ئىگىلىكى ئېڭى ۋە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى نەشرىيات خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش كېرەك.

**1. كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، بازار ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ۋە سۈپەت ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

بىرىنچىدىن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، مۇھەررىرلەر ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي مەزمۇنىغا سادىق بولغان ئاساستا پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەنلا بەنت بولۇپ، تەھرىرلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ بازار ئېھتىياجى ۋە كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىش-كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى ھەربىر مۇھەررىردىن بازار ئىگىلىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، كىتاب بازارلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشنى، بازارلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى توپلاپ، تېمىنى ياخشى تاللاشنى، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە ھەممە دۆلەت كۆرسەتكۈچىسى بويىچە بولغان بىلەن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا نەشرىياتلارمۇ خۇددى باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاش رىقابەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتمىسە شاللىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ دۆلەت ھەممە تاۋارلار ئۈستىدە بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئېلىپ بارغاندەك، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىمۇ مەنىۋى مەھسۇلات، ئالاھىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار قاتارىغا قويۇپ، ئۇلارغا دائىملىق سىياسىي چىقىم بېرىدىغان بىرلا خىل ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، نەشرىياتلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت باش مەقسىتىنى سوتسىيالىستىك كىتاب بازىرى ئارقىلىق كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كۆرەكتىن ئۆتەلمىگەنلەرگە سىياسىي چىقىمنى بەرمەيدىغان، ھەتتا ياخ-

شى مەنۋىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقارماي جەمئىيەتكە ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدىغانلارنى تاقىۋېتىدىغان يېڭى سىياسەت قوللاندى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك بازاردىن ئىبارەت بۇنداق چوڭ سورۇننى ئېتىبارغا ئالمىغان نەشرىيات ۋەيران بولۇش خەترىدىن قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، بازار ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈردۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچىدىن، بازار ئېڭىنى كۈچەيتىش تەبىئىي ھالدا رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلگىرى رىقابەتكە قارشى تۇرۇلۇپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئىكەن، نەشرىياتچىلىق ۋە تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەنۋىي مەھسۇلات — كىتابلارنى تاۋار سۈپىتىدە بازارغا كىرگۈزۈشتە، تېما تاللاشتىن تارتىپ نەشردىن چىققىچە بولغان پۈتكۈل تەھرىرلىك جەريانىغا بىر خىل رىقابەت روھىنى سىڭدۈرۈپ، تىرىشىپ سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنىڭغا تېز سۈرئەتتە بازارنى ئىگىلىتىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، بازارغا يۈزلىنىپ رىقابەتكە قاتنىشىشتا سۈپەت ھالقا. مۇھەررىرلەردە ئەستايىدىل خىزمەت پوزىتسىيىسى، ئېھتىياتچان خىزمەت ئۇسلۇبى ۋە ئېسىل كەسپىي ئەخلاق كۆز قارىشى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە تۇلار كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە كەسىپچانلىق روھىغا ھەم كۈچلۈك سۈپەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھەررىرلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى چوڭقۇر بولۇشى، كەسىپ قۇرۇلمىسى كەڭرەك بولۇشى، بىرگە قادىر، كۆپكە ماھىر بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، «ئاز بولۇش، ساز بولۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، نەشر قىلىنىدىغان كىتابلارنىڭ تۈرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشىنى كونترول قىلىش، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، دەرھال ئۈنۈم بېرىدىغان مۇنەۋۋەر ئىلمىي ئەسەرلەرنى، يۇقىرى سۈپەتلىك ئاممىباب ئوقۇشلۇقلارنى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ، شۇ ئارقىلىق خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىشكە تۈرتكە بولۇش لازىم.

**2. مۇكەممەل بولغان سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە سۈپەتنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك.**

نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەركەز قىلىنغان تۈزۈمنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىتاب نومۇرى، تېما تاللاش ۋە توختامنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. تېما تاللاشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭ تۇتۇلسا، سۈپەتنى يۇقىرى

كۆتۈرۈش ھالقىسىنى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ. نەشر قىلىش پىلانىنى تەھرىر بۆلۈملىرى باش مۇھەررىر ئىشخانىسىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى باش مۇھەررىر ئىشخانىسى قايتىدىن تەكشۈرگەندىن كېيىن، نەشرىيات باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدا بېكىتىلىشى كېرەك. كىتاب چىقىرىشتا توختام تۈزۈلۈشى، رەسمىيەتلەر تولۇق بولۇشى لازىم. توختامغا ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا يەنە باش مۇھەررىر ۋە نەشرىيات باشلىقى تەستىقلەشى، كىتاب نومۇرىنى باش مۇھەررىر ئىشخانىسىدىن مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇشى، كىتاب نومۇرى ئىشلەتكۈچىلەرگە كىتاب نومۇرى بەرگەندە باش مۇھەررىر ۋە نەشرىيات باشلىقى تەستىقلىغاندىن كېيىن بېرىلىشى لازىم.

«ئۈچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇنىڭدا مەسئۇل مۇھەررىر دەسلەپكى تەكشۈرۈش، تەھرىر بۆلۈم مەسئۇلى قايتا تەكشۈرۈش، باش مۇھەررىر ياكى باش مۇھەررىر ھاۋالە قىلغان ئالىي ياكى كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «ئۈچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھەررىرلەرگە «ئۈچ تەكشۈرۈش» تۈزۈمى ھەققىدىكى تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەسەر ئورىگىناللىرىنىڭ سۈپىتىنى قاتتىق كونترول قىلىپلا قالماستىن، نەشردىن چىقىپ بولغان كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى باھالاش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. باھالانغان كىتابلارنى مۇنەۋۋەر، ياخشى، لاياقەتلىك، لاياقەتسىز دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىپ، ياخشىلارنى تەقدىرلەش، ناچارلىرىنى تەنقىد قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش لازىم.

**3. يۇقىرىدىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك.**

سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى ئىچىدە تەقسىمات سىياسىتىنى كۈچلۈك تەڭشەش — كونترول قىلىش ۋاسىتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەررىرلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك بولغان مۇكاپاتلاش-جازالاش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىكى ھالقا — تەلەپ قاتتىق بولۇش، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئەمەلدە كۆرسىتىش. بۇنىڭدا باشقۇرغۇچى كادىرلار ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ، تۇتۇشقا، باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئاممىغا چوڭقۇر سۈپەت ئېڭى ۋە سۈپەت كۆزقارىشى تەربىيىسىنى بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتىدە كۆزلىگەن نىشانغا يەتكىلى، شۇنىڭ بىلەن نەشرىياتنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئىسلاھاتنىڭ دولقۇنىدا ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

# كەسپىي ژۇرناللارنى ياخشى نەشر قىلىشتىكى بىرنەچچە مەسىلە

پىدا ۋەلى

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقىدا نەشر قىلىنىۋاتقان ژۇرنال 50 تىن ئاشتى، بۇ ژۇرناللارنى تېخىمۇ ياخشى نەشر قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، تۆۋەندىكى ئالتە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

## 1. ماقالىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش

كەسپىي ژۇرناللار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى كەسىپلىرىدە ئىشلەۋاتقان كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى نىشان قىلىدۇ. ماقالىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشتە جەزمەن كىتابخانلارغا قارىتا قاراتمىلىق بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە ئىقتىسادىي ئۈچۈر ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ھەرقايسى كەسىپلەرگە باب كېلىدىغان ماقالىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ باي بولۇشتىكى يېڭى يولىنى ئېچىپ بېرىش بەكمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا ئائىت ماقالىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ياكى مەخسۇس كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان كەسپىي ئائىلەرنىڭ تىپىك تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان ماقالىلەرنى نەشر قىلىش كېرەك.

كەسپىي ژۇرناللارغا ماقالە تاللىغاندا ئۇنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، بېلىقچىلىق، سودا-سانائەت، پۇل-مۇئامىلە، مالىيە ئىقتىساد، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، باشقا تېخنىكىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەن-تېخنىكىغا ئائىت بولۇش شەرتى ئاستىدا قىزىقارلىقى ۋە ئاممىباپلىقىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك.

ماقالىلەرنى رەتلەش، پىششىقلاشنىڭ ئۆزى قايتا ئىجاد قىلىشنىڭ جەريانى بولىدۇ، مەيلى سىياسىي پرىنسىپ، پەن-تېخنىكا، گراماتىكا، لوگىكا مەسىلىسى بولسۇن قىلچە سەل قاراشقا بولمايدۇ، ھەممىسىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، مەزمۇنىغا ئانچە-مۇنچىلا قاراپ خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، كەسپىي ژۇرناللارغا ماقالە تاللاپ ئىشلىتىشتە ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيلىكى، جەلپ قىلارلىقى، ئاممىباپلىقىنى قوغلىشىپ قالماي، يەنە ئىخچام، ئاز ھەم ساز بولۇشىغا دىققەت قىلىش، ئەگەر ماقالە ئۇزۇن، مەزمۇنىنىڭ تايىنى بولمىسا ئىشلەتمەسلىك لازىم.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۆتكەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى، پەن--تېخنىكا، ھەر خىل كەسىپ تۈرلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە بىلىدىغانلىرى ئاز، شۇڭا بۇ تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى كۆپلەپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. دېھقان، چارۋىچىلار بۇ تۈردىكى يېڭىلىقلارغا بەكمۇ مۇھتاج، كەسپىي ژۇرناللار ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇر، ھەتتا تۇرمۇش ساۋادلىرىغا دائىر بىلىملەرنى چىقىرىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ھەربىر ساندا يۇقىرىقى مەزمۇندىكى ماقالىلەر كۆپلەپ بېرىلسە كەسپىي ژۇرناللار تەشۋىقاتتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ.

## 2. سەھىپە لايىھىلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش

كەسپىي ژۇرناللارنى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىشتا مەزمۇنغا باي، جەلپ قىلارلىقى كۈچلۈك بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەش، سەھىپە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بەت بېشىنى بېزەشنىڭ ئۆ-

زىمۇ مۇھىم كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. كەسپىي ژۇرناللار ئادەتتە ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، سەھىپىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەتراپلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىۋېرسال ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرى ئاساسلىق سەھىپە ۋە قوشۇمچە سەھىپە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، مەسىلەن: «شىنجاڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى» دېگەن ژۇرنالدا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، بىناكارلىق، كانچىلىق، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەرگە ئائىت سەھىپىلەر ئاساسلىق سەھىپە ھېسابلىنىدۇ. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىقلارغا ئائىت سەھىپىلەر تەبىئىي ھالدا قوشۇمچە سەھىپە بولىدۇ. قائىدە بويىچە 70% قىسمىغا ئاساسلىق سەھىپىلەر، 30% قىسمىغا قوشۇمچە سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا ھەربىر سان ژۇرنالنىڭ سەھىپىسى كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. سەھىپىلەرنى لايىھىلەش بىرقەدەر كۆچلۈك بولغان كەسپىي خىزمەت، پىلانلاش ياخشى بولمىسا، سەھىپىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان ماقالىلەر چىقىرىلماي قالىدۇ، چىقىرىلمايدىغان ماقالىلەر چىقىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. بەلگىلەنگەن ھەربىر ساننىڭ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە سەھىپىلىرىنى كەسىپلەرگە بۆلۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاندىن ماقالە يېزىشنى تەشكىللەش، مۇۋاپىق تېپىلغاندا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە سەھىپىلەرگە ماقالە تەييارلاش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا قارىغۇلارچە ماقالە يېزىشنى تەشكىللەش، قارىغۇلارچە ماقالە پىششىقلاش كېلىپ چىقىپ، سەھىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەسىر يېتىپ قالماي بەلكى تەھرىرلەرنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ.

ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇنۇلارغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك: ① ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بولۇشى؛ ② كەسىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىشى؛ ③ سەھىپىلەر جانلىق، قىزىقارلىق بولۇشى؛ ④ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇشى؛ ⑤ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن ماسلاشقان بولۇشى؛ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى، سەھىپە دەل جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇشى؛ ⑥ مەخسۇس تېمىدىكى ماقالە بىلەن ئادەتتىكى ماقالىلەرنى پەرقلەندۈرەلىشى، مەخسۇس تېمىدىكى ماقالىلەرنى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ ماقالە مەنبەسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار. بۇ ئالتە جەھەتتىكى ئىش ئوبدان ئىشلەنسە سەھىپىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ۋە كۆركەم بولغان بولىدۇ.

### 3. گۈزەل سەنئەت بىلەن تەھرىرلەشنى ماسلاشتۇرۇش

كەسپىي ژۇرناللارنىڭ ئوبيېكتىپى، ھەرقايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار، تېخنىكلار، كارخانىچىلار ۋە باشقا كىتابخانلار ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ بولۇشىنى، مۇقاۋىسى كۆركەم، بەتلىرى ئازادە، سۈرەتلىرى جانلىق، ئېنىق، جەلىپ قىلارلىقى كۈچلۈك، خەتلىرىنىڭ تىزىلىشى رەتلىك ھەم توغرا ئۆلچەملىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان «جانلىق بولۇش» دېگەندە مۇقاۋىسى، سەھىپىسى، قىستۇرما سۈرەت، گۈل، تامغا، بەت بېشى، ئاخىرقى گۈل، گۈزەل سەنئەتلىك ئەسەرلەر، ھەجىۋى رەسىم، ئويما ۋە ھۆشنى خەتلەرنىڭ نەپىس بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قانداق قىلغاندا ژۇرنالنى جانلىق، نەپىس چىقارغىلى بولىدۇ؟ ماقالە تەھرىرلىكى بىلەن گۈزەل سەنئەت تەھرىرلىكىنى زىچ ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەتتە ماقالىلەر رەتلەش، تەھرىرلەش، پىششىقلاش ئارقىلىق سەھىپىلەرگە بېكىتىلىدۇ. بىر كىشى بەت ياساش، سەھىپە بېكىتىش، ماقالىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇندەرىجىسىنى تۈزۈش، ماۋزۇسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قارا خەت بەلگىسىنى قويۇش، فورماتقا قاراپ بەتكە تىزىلىدىغان قۇر سانىنى بېكىتىش، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە گۈزەل سەنئەتنى پىششىقلاش قاتارلىق جەھەتتىكى دەسلەپكى بەت لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، باش تەھرىر تەھرىرلەش لايىھىسىنى بېكىتىدۇ. مەسئۇل تەھرىردە مۇۋاپىق كەلمىگەن ماقالە، سەھىپە، سۈرەتلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە چىقىرىۋېتىش ھوقۇقى بولىدۇ، گۈزەل-سەنئەت تەھرىرىدىن

ھەرقايسى سەھىپىلەرنىڭ شەكلى، مەزمۇنى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىجاد قىلىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بەت ياساشتا ئۆزگىرىش بولىدىكەن ئالدى بىلەن ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى، ئەڭ ئاخىرىدا مۇقاۋىسى، بەت، سۈرەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەنە باش تەھرىرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا توغرا، جانلىق، گۈزەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. كوررېكتورلۇق قىلىش مەسىلىسى

ماقالە باسمىخانىغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، خەت تىزىش، كوررېكتورلۇق قىلىش، بېسىش، تۈپلەش قاتارلىق ھالقىلاردىن ئۆتۈپ نەشىردىن چىقىدۇ. كوررېكتورلۇق قىلىش ژۇرنال سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. كوررېكتورلۇق ئەستايىدىل ئىشلەنمىسە، ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىغا تەسىر يېتىدۇ.

كوررېكتورلۇق قىلىشتا سېزىلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ژۇرنالنىڭ سۈپەت ئۆتكۈلىنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن كوررېكتورلار تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

بىرىنچى، زېھنىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، خاتالىقلارنى سېزىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. كوررېكتورلۇق خۇددى كەشتىچىلىككە ئوخشايدۇ، كۆز بىلەن زېھنى بىردەك بولمىسا، ئەستايىدىل كۆرمىسە، كوررېكتورلۇق قىلىش ئۈنۈمى مۇقەررەر ھالدا تۆۋەن بولىدۇ. باسمىخانا بەتنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن، سىنىكىنى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كوررېكتورلۇق قىلىشىغا ئەۋەتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۆلۈمدىكىلەر بۆلۈشىۋېلىپ كوررېكتورلۇق قىلغىنى تۈزۈك، ھەرقايسى ئۆزلىرىگە تېگىشلىك سەھىپىلەرنى كوررېكتورلۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ كوررېكتورلۇق قىلىشىغا بېرىش، ماقالىنى باشتىن ئاياق بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ سېلىشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قول قويۇش، ئاخىرىدا بۇ سانغا مەسئۇل بولغان تەھرىر ۋە باش تەھرىرنىڭ كۆرۈشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن باسمىخانىغا ئەۋەتىش كېرەك. ئىككىنچى، كوررېكتورلۇقتا سەل قارىماسلىق، ئۈچىنچى، كوررېكتورلۇقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق. بۇ دېمەك، باشتىكى كوررېكتورلۇقتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ئىككىنچى كوررېكتورلۇقتا ئوڭاي سېزىپ ئالالمايدىغان خاتالارنى تېپىپ چىقىپ تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلىش. مەسىلەن: تەلەپپۇزى توغرا بولمىغان جۈملىلەر، ئۆلچەملىك بولمىغان خەتلەر، چەت ئەل يېزىقى، فورمۇلا، سان، يەر نامى، ئادەم ئىسمى قاتارلىقلار. ئەگەر باشتا كوررېكتورلۇق قىلغاندا ئۆزگەرتىلگەن خاتالىقلار كۆپرەك ياكى جۈملىلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالغاندا، ئىككىنچى قېتىملىق كوررېكتورلۇقتا، ماقالىنى قايتا ئوقۇپ سېلىشتۇرۇپ، خاتالىقلارنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن يەنە خاتالىق چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۈچىنچى قېتىملىق كوررېكتورلۇقتا سىنىكىنى تەكشۈرۈشتە، سان، بەت، مۇندەرىجىسى بىلەن ئىچ ماۋزۇ، ئاپتور ۋە باشقا تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، خاتالىقلارنىڭ يەنە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قايتا بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، مەسىلە كۆرۈلمىگەندىن كېيىن قول قويۇپ باسمىخانىغا يوللاش كېرەك.

ئىككىنچى، نابۇرچىكلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش، باسمىخانىلارنىڭ خاتالىقلارنى ئۆزگەرتىشكە يېقىندىن ماسلىشىش كېرەك. باسمىخانىلاردا كوررېكتورلۇق قىلىشقا مەخسۇس كىشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇلار كوررېكتورلۇق قىلىشتا مول تەجرىبىلەرگە ئىگە، تەھرىر بۆلۈملىرى بىرىنچى سىنىكىنى سېلىشتۇرۇشتىن ئىلگىرى باسمىخانا بىر قېتىم سېلىشتۇرۇشتىن ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن كەسپىي ژۇرناللىرىنىڭ كەسىپ تۈرلىرى كۆپ بولغاچقا يېڭى ئاتالغۇلارمۇ كۆپلەپ ئۇچراپ تۇرىدۇ، شۇڭا بەزى چاغلاردا كوررېكتورلۇق جەريانىدا ئايرىم خاتالىقلاردىن خالىي بولالماسلىقمۇ تۇرغان گەپ. بۇنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. بەزى تېخنىكىلىقى كۈچلۈك بولمىغان ماقالىلەرنى ئۇلار تەھرىر بۆلۈملىرىگە قارىغاندا، سىنچىلاپ كوررېكتورلۇق قىلىدۇ، ھەتتا تەھرىرلەر سېزىۋالمىغان مەسىلىلەرنى، ئۇلار سېزىۋېلىپ ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەھرىرلەر ئۇلارغا سەل قارىماسلىقى، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كوررېكتورلۇق قىلىشنى ئورتاق ھالدا ئېلىپ بېرىشى كېرەك. باسمىخانا بىلەن بىرلىكتە بەت تۈزۈشكە قاتناشقان تەھرىر ۋە تەھرىر بۆلۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نابۇرچىك، كوررېكتورلار بىلەن بولغان ئىتتىپاق-

نى ياخشىلاپ، ئۇلاردىن كىچىك پېشىللىك بىلەن ئۆگىنىشى، باسمىخانىدىكى ئۇسكۈنىلەر بىلەن تونۇشۇۋېلىش؛ باسمىخانىنىڭ ئىش تەرتىپى، ئاساسلىق جابدۇقلىرى يەنى كۆپەيتىكۈچ، شىپون، لىرىنىكا، شىپاس، ھەرپلەرنىڭ قۇرلىرى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىش، كوررېكتورلۇقتا سىزىلغان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، ھەر خىل خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**5. ئىختىيارى مۇخبىرلىق قىلىش تورلىرىنى قۇرۇپ مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش**

مەيلى قايسى تۈردىكى ژۇرناللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرلىرى ۋە تارقىتىش قوشۇنى بولۇشى، ماقالە مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ۋە تىراژىنى كېڭەيتىشتە كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەرنىڭ بىرىدۇر. ماقالە مەنبەسىنىڭ تولۇق بولۇشىنى داۋاملىق ئويلاپ تۇرۇش، ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە ھەر تۈرلۈك كەسپىي كادىرلار ۋە تېخنىك خادىملار ئىچىدىن بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملاردىكى تېخنىك، كادىرلار ئىچىدىن، كارخانىچىلار ئىچىدىن، يېزا-كەنتلەردىكى ياشلار قوشۇنى ئىچىدىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىيارى مۇخبىرلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋلارنى ماقالە يېزىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك. كەسپىي ژۇرناللارنى چىقىرىش تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىرقانچە كىشىنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماي بەلكى ھەرقايسى كەسپتە ئىشلەۋاتقان كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قوللىشىغا مۇھتاج، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىختىيارى مۇخبىرلار ئىچىدە ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە كىشىلەر بار، مانا مۇشۇنداق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىختىيارىي مۇخبىرلار تورلىرىنى قۇرۇپ، ژۇرنالنى ئاممىا بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان كۆۋرۈككە ئايلاندۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش، پەن-تېخنىكا خادىملار ياكى مۇتەخەسسىسلەر، خاتىبە، يېزا مۇخبىرلىرى ئىچىدىن يەنە بىر ئاساسلىق مۇخبىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىققاندا ژۇرنالنىڭ ماقالە مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ژۇرنالنىڭ ماقالە مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە تارقىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. بولۇپمۇ ناھىيە، يېزىلاردىكى ئىقتىدارلىق ژۇرنال تارقاتقۇچىلارنى ياخشى تەشكىللەپ، ھەرقايسى كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان كىتابخانلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرى كەڭرى، كەسىپلەرنىڭ جايلىشىشى تارقاق، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، پوچتا مۇلازىمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش قىيىن، ژۇرنال تارقىتىشتا كۆپ خىل يوللاردىن پايدىلىنىش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك، ژۇرنالغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەرگە نىسبەتەن بويىچە خىراجەت پۇلى قالدۇرۇش، مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىشتا ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش لازىم.

**6. تەھرىر خادىملارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش**

كەسپىي ژۇرناللارنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ يادرولۇق مەسىلىسى، سىياسىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان، كەسپىي ئىقتىدارى، تەھرىرلىك ساپاسى ياخشى تەھرىرلىك بەنزىسى بولۇشى لازىم، تەھرىرلەر كەسپنى پىششىق بىلىشى، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى، ئۇندىن باشقا ماقالىلەرنى تاللاش ئىقتىدارى، كىتابخانلار نېمىگە مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاش ئىقتىدارى بولۇشى لازىم. يەنى «كۆزى روشەن، كىشىلەرنى چۈشىنىشكە ماھىر، سىياسەتنى بىلىدىغان، بىلىم ئېلىشقا ماھىر كىشىلەر»دىن بولۇشى كېرەك.

«كۆزى روشەن بولۇش» دېگىنىمىز، تېما تاللاش، ماقالە تاللاش ۋە ئىشلىتىش، كىتابخانلار ئۈچۈن ئىشلەشكە ماھىر بولۇش؛ «سىياسەتنى بىلىش» دېگىنىمىز پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش. «بىلىم ئېلىشقا ماھىر بولۇش» دېگىنىمىز، تەھرىر بولغۇچى گراماتىكا، ئىستىلىستىكا بىلەن لوگىكىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، ئۆز كەسپىنى چۇڭقۇر بىلگەن ھالدا باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش دېگەنلىك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن لاياقەتلىك تەھرىر بولالايدۇ. ئۇندىن باشقا ئاخبارات، نەشرىيات ھەمدە گۈزەل-سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقەللىي بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم.

# 《新 疆 社 科 论 坛》(维吾尔文版)

新 疆 维 吾 尔 自 治 区 社 会 科 学 界 联 合 会 主 办

1995年　第二期　　　　　　　　副主编

(总第28期)　　　　　　　　斯拉木江·谢里甫

※政治理论※

有关社会主义的两个问题……………………………………………………贾拉里丁　(1)

※社会主义市场和市场经济※

关于新疆经济问题的一些基本观点和主要建议…………………………许准　(8)

建立现代企业制度浅析……………………………………………买买提·吐尔迪　(17)

※科技、文化※

成才与知识的关系……………………………………………斯拉木江·谢里甫　(19)

论正确认识科技美…………………………………………………灿艾提·吾守尔　(36)

※历史、古迹、考古※

《二十四史》简介……………………………………………………铁木尔·艾山　(42)

法显及其《佛国记》…………………………………………………谢仁·库尔班　(49)

※古曲文学和音乐※

关于维吾尔古曲文学研究面向世界的一些意见…………买买提伊明·玉素甫　(50)

《圣人列传》之探讨……………………………………………胡拉木·艾白都拉　(55)

※写作与新闻出版※

市场经济条件下的编辑工作……………………………………吐尔逊·阿不都拉　(74)

办好专业刊物的几个问题…………………………………………………皮达·瓦力　(77)

编　委：阿·热杰甫、阿·热合满、阿·托乎提、赛·禾维尔、

谢·伊明、斯·谢里甫

责任编辑：斯·谢里甫、凯·柯尤木

# مۇشتىرىلار دىققىتىگە :

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال . بۇ — پەلسەپە ، مائارىپ ، تارىخ ، مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ، تىل ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، پەن - تېخنىكا ، دىن ۋە ئەخلاق ، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش ، خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى . ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، تېخىمۇ ئەقىللىق ، يىراقنى كۆرىدىغان ، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى . بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار ، پىرى — ئۇستازلار ، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى ، سەنئەتكارلار ، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پىسخولوگلا بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ ، قەددىمىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەددەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بەرەكچى ، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 8.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 2.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز .

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى : ئۈرۈمچى « يەنئەن » يولى 46 - قورو .

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى : ليۇسۇچىڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىسلامجان شېرىپ ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى : 2.00 يۈەن
ئورنى : ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورو ، پوچتا نومۇرى : 830001
تېلېفون : 2861273 تېلېگرامما : 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن